سىدىقھاجى روزى

# دۆلەت مەجلىسىگە يوللانغان مەكتۇپلار

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

سىدىقهاجى روزى

# دۆلەت مەجلىسگە يوللانغان مەكتۇپلار

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2010 ـ يىل 5 ـ ئاي ئىستانبۇل

Irtibat adresi
Yeni dogan Mh 50/3. Sok No:11 D 2
Zeytin burnu _ ist
Baski_ cilt: Bayrak Matbasi

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................................ 5
خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ
پاجىئەلىك ئاقىۋەتلىرى ............................................ 9
دۆلەت مەجلىسىنىڭ ھۆرمەتلىك ئەزالىرى! ............... 20
تىبەتلەر بىلەن تونۇشۇش ......................................... 30
ھۆرمەتلىك خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى....................... 33
ئەقىلنىڭ تەلەپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرايلى! ..................... 36
ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى! ........................ 42
گۇەنتانامو تۈرمىسىگە يوللانغان مەكتۇپ.......................... 50
ھۆرمەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە! ................................... 53
ھۆرمەتلىك نورۋېگىيە خەلقى........................................ 55
ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى .......................... 66
سابىق پرېزىدېنت بىل كىلىنتونغا يېزىلغان خەت.......... 75
ئامېرىكا كونگرېسى خىتاي كومىتېتىغا.............................. 78
ھۆرمەتلىك نامايىشچىلار! ............................................. 79
ھۆرمەتلىك ياپونىيە كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ...... 82
ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە يوللانغان خەتلەر ................. 109
ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى! ............................ 115
خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ............................ 127
ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە يوللانغان خەتلەر ................. 155

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمى
ئەھۋالىدىن دوكلات .................................... 168
ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بوش .............................. 181
ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى ئېتىنىك مىللەت
ئۇيغۇرلار كىم؟........................................... 185
ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى! .................. 205
ئاق سارايغا يېزىلغان خەتلەر.............................. 210
ياخشىمۇ سىلەر كىچىك دوستلار؟ ......................... 229
خىتاينىڭ دۆلەت تېرروررىزمى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ
ناھەق ئۆلتۈرۈلۈشى ...................................... 234
ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بوش .............................. 242
ھۆرمەتلىك سەنەتورلار!.................................. 245
ئامېرىكا كونگرىسىگە...................................... 250
ھۆرمەتلىك خانىملار! ئەپەندىلەر! ........................ 251
بىروشورغا تەييارلانغان خەت ............................ 261
بۇ مىللەت ئۇيغۇرنىڭ، كىمنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھى بار؟..265
«فىڭ خانىم» ۋە ئاپتورلارنىڭ تارىخ قارشى.................. 282
نەپسىڭنى يىغىۋال! ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوبىڭ............ 297

# كىرىش سۆز

ئۇشبۇ كىتابقا كىرىش سۆز يېزىشىمىز زۆرۈر بولدى. مەن ئامېرىكىغا كەلگەندىن باشلاپ ئىشنى قەيەردىن باشلاشنى ئويلاپ يۈرگەندە توساتتىن 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دۆلەت مەجلىسى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك هوقۇقى توغرىسىدا گۇۋاهلىق ئېلىش ۋە گۇۋاهلىق بېرىش توغرىسىدا يىغىن چاقىرماقچى بولدى. يىراقتىكى ئوكلاخوما شتاتىدىن هۇشۇر مەمەت ئىككىمىز ماشىنا هەيدەپ ۋاشىنگتونغا كېلىپ، تەكلىپ بىلەن دۆلەت مەجلىسىنىڭ گۇۋاهلىق ئېلىش يىغىنىغا قاتناشتىم. ئاۋۋال يېزىلغان كىتابىمدا ئېيتىلغاندەك، دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى  گۇۋاهلىق ئېلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ قالسام شۇلارغا تارقىتىپ بېرىمەن دەپ «يەتتە ماددا»لىق ئىككى بەتلىك ماتېرىيال تەييارلاپ ئېلىپ كەلگەن ئىدىم. مېنىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە خەت يېزىشىم ئاۋۋالقىلىرى پارچە ـ پۇرات بولسا، رەسمى خەت يېزىش ئەنە شۇ كۈندىن باشلاندى.

رابىيە قادىر قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدىن چىقىپ ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلگۈچە بالىلىرىم ئىككى قېتىم، ئۆزۈم تۆت قېتىم جەمئىي ئالتە قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك هوقۇقى توغرىسىدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاهلىقتىن ئۆتتۈم. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك هوقۇق دەردى ۋە سىياسى تەلەپلىرى توغرىسىدا

گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ـــ رابىيە قادىرنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. بۈگۈن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، رابىيە قادىرنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەندە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى ۋە ئايرىم يوللىغان ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدىن قولۇمغا چىققانلىرىنى رەتلەپ ئۇشبۇ توپلامغا تاللىدىم، قولۇمغا چىقماي قالغانلىرى ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدە قالدى، ئىزدەپ تېپىشقا ۋاقتىم بولمىدى. ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بەزى ھۆججەتلەرنى يوقىتىپ قويدۇم. مۇساپىرچىلىقتا ئامېرىكىدا ئون نەچچە قېتىم ئۆي كۆچتۇم. بەزى ماتېرىياللار بەزىدە گېزىتلەر ۋە كېرەكسىز ماتېرىياللار بىلەن بىللە تاشلىنىپ كەتتى. مەسىلەن، 2002 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئايالىم رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى ھاياتى توغرىسىدا سابىق پرېزىدېنت جورجى بوشقا يازغان خېتىم 2002 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «ۋاشىنگتون پوست گېزىت»دە ئېلان قىلىندى، بىراق بۇ خەتنىڭ ئۇيغۇر تىلى نۇسخىسىنى يوقىتىپ قويدۇم. ئىنگلىز تىلى نۇسخىسىنىمۇ بۇ توپلامغا تەييارلاپ بېرەلمىدىم. كۆڭۈل ئارامىدا بولمىسا، ئىنساننىڭ تۇرمۇشىمۇ چېچىلاڭغۇ بولىدىكەن. بۇ قېتىم، ھۆججەتلەشكەن ماتېرىياللارنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر تىلى نۇسخىلىرىنى ئۇشبۇ توپلامغا تاللىدىم[1]. بىراق 2005 ـ يىلى 4

[1] بۇ ماقالىلارنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىلىرى ئايرىم كىتاب قىلىپ نەشىر قىلىنماقچى.

ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى رابىيە قادىر ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە تۇنجى قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەندە سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بىلەن تەرجىمە نۇسخىسى بىر ـ بىرىگە تۇيۇپتىن ئوخشىمايدۇ. تەرجىمان نېمە ئۈچۈن شۇنداق تەرجىمە قىلدى... ؟! ئۇيغۇرچىلىق... ئۇيغۇر ئىكەنمىز... ئۇنىڭدىن باشقا كىتابىمىزدا، ئۇقۇشماسلىق ياكى تاللانغان ماتېرىياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدىغان تەرەپلىرى بولسا، ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى رابىيە قادىر تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يېزىلغان. ئىنگلىز تىلى تەرجىمە نۇسخىسى ۋە ئەسلى ئۇيغۇر تىلى نۇسخىسىنى قوشۇپ نەشىرگە تەييارلىغاندا، «دۆلەت مەجلىسىگە يوللانغان مەكتۇپلار» ماۋزۇلۇق بۇ كىتابنىڭ ئىشەنچىلىك بولۇش قىممىتىنىڭ يەنى ئىشلىگۈچىنىڭ ھەرىكەت ئەمەلىيىتىنىڭ ئەتراپلىق، پاكىتلىق بولۇشىنى نەزەردە تۇتتۇق.

رابىيە قادىر ئىككىمىز كېچىلەپ ئولتۇرۇپ يازغانلىرىمىزنى پۇل ـ پۇچەك تەلەپ قىلماي، خۇسۇسىي غەرەز ئارىلاشتۇرماي ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەن ۋەتەنداشلىرىمىزغا بۇ يەردە چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز . ئىسىم ـ ناملىرىنى كەلتۈرۈپ رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك ئىدى. بىراق ئۆزىدىن رۇخسەت ئالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسىم

شەرىپلىرىنى بۇ يەردە ئوچۇق يازالمىدۇق. خۇش ۋاخ بولۇڭلار ۋەتەنداشلىرىم!

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

رابىيە قادىر، سىدىقھاجى روزى

# خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ۋە ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلىرى

ھۆرمەتلىك كىرىس سىمىت ئەپەندىم!

نۇرغۇنلىغان خىتاي كۆچمەنلىرى بىزنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشىمىزنى، نەسىل، ئەۋلاد قالدۇرۇشىمىزنى خىتاي ھاكىمىيىتى چەكلىدى دەپ، سەۋەب كۆرسىتىپ، خىتايدىن قېچىپ ئامېرىكىغا كېلىپ، سىياسى پاناھلىققا ئىلتىماس قىلىپ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سىياسى پاناھلىق بېرىشىگە ئېرىشكەن ئىكەن. مۇشۇ ئارقىلىق ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە خىتاي كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى يولغا قويۇۋاتقان «پىلانلىق تۇغۇت» دېگەن سىياسەتنىڭ زادى قانداق سىياسەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بىراق ئىشىنىشىڭىز كېرەككى، ھۆرمەتلىك كىرىس سىمىت ئەپەندىم، خىتاي كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى خىتايلار ئارىسىدا ۋەھشىلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋەھشىلىك بىلەن يولغا قويغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى پاكىتلارغا نەزەر ئاغدۇرۇڭ ئەپەندىم.

مەن ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان «شىنجاڭ يىلنامىسى»نىڭ 1988 ـ 1995 ـ يىللىق سانلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت سىياستى يولغا

قويۇلغاندىن كېيىن خىتايلار يوشۇرۇن هالدا توپلىغان مەلۇماتلارنى «شىنجاڭ يىلنامىسى»دىن رەتلەپ چىقتىم ئەپەندىم. «شىنجاڭ يىلنامىسى» خىتاي تىلىدا يېزىلىپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. ماتېرىيالنى دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ كۆرۈپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1988 ـ 1989 ـ يىللار

1988 ـ يىلى 23 ـ فېۋرال كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشقا ئائىت ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلدى. بەلگىلىمەدە شەهەرلەر، ناهىيە، بازارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان بىر ئائىلە ئەر ـ ئايالنىڭ ئىككى پەرزەنت، يېزىلاردا، چارۋىچىلىق رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان خىتايلارغا ئۈچ پەرزەنت كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىندى. مەيلى قەيەردە ئولتۇراقلاشمىسۇن ئۇيغۇرلارغا ئىككى پەرزەنت كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىندى. سىياسەت چاندۇرۇپ قويدى. شۇ يىلى بۇيرۇتما بويىچە سېتىۋېلىنغان تۇغۇتتىن ساقلىنىش دورا، ئەسۋاپ ـ ئۈسكۈنىلىرى جەمئى 11 خىل بولۇپ، قىممىتى 3 مىليون 810 مىڭ يۈەن خىتاي پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. بۇ ئۈسكۈنە ـ ئەسۋابلار تۇغۇت چەكلەش بويىچە 1 مىليون 610 مىڭ ئادەمگە ئىشلىتىشكە يېتىدۇ. ئىجرا قىلىش ئەهۋالى مۇنداق: قىسقا مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان جىياداۋەن كۇمۇلچى «تابلىتكىسى»،

قوشۇمچە رېئاكسىيىگە قارشىلىشىش كۈمۈلچى، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان 0 نومۇرلۇق دورا، مېگىستۇرۇل، سىرتتىن ئىشلىتىدىغان ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش كۈمۈلچى، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورا پەردىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1988 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانساق، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى 3 مىليون 588 مىڭ 875 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %25.5 نى ئىگىلەيدىكەن. ئەگەر خىتاي ستاتىستىكىسىدا ئىقرار قىلىنغان يۇقىرىدىكى رەقەمنى 100 پىرسەنت دەپ ئالساق، دېمەك ئۇيغۇرىستاندا 1988 ـ يىلىنىڭ ئۆزىدە 14 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاھالىسى بارلىقى ئايدىڭلىشىدۇ. بۇ پىكىر «يېڭى ھايات گېزىتى» تەھرىرىنىڭ پىكرى بولۇپ، مېنىڭ بۇ ماقالەم 1998 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يېزىلىپ 1998 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «يېڭى ھايات گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان ئىدى. جۈملىدىن، نىكاھلانغان  تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى 2 مىليون 502 مىڭ 566 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ تۇغۇتنى چەكلەش نىسبىتى %58.5 بولغان. شۇ يىلى تۇغۇتنى چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىشقا مەجبۇرلانغانلارنىڭ سانى 379 مىڭ 550 نەپەرنى تەشكىل قىلىپ، تۇغۇتنى چەكلەنگەنلەرنىڭ% 25. 92 نى ئىگىلىگەن، ماتكىسىغا

تۇغۇتنى چەكلەش ئەسۋابىنى سالدۇرۇشقا مەجبۇرلانغانلار 302 مىڭ 910 ئايال بولۇپ، 53.38%نى ئىگىلىگەن. شۇ يىلى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇغۇتنى باشقۇرۇش مەقسىتىدە ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىدە مەخسۇس كومىتېت قۇرۇلغان.

1989 ـ 1990 ـ يىللار

پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ بىر يىل ئىچىدە، كۆپ بالىلىق بولغۇچى ئائىلىلەرنىڭ سانى 2.2% تۆۋەنلىگەن. 1989 ـ يىلىدىن باشلاپ تەشۋىقات ـ تەرغىباتنى چىڭ تۇتۇش، مەجبۇرلاش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، شۇ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەخسۇس ئالىي تېخنىكوم سىنىپى قۇرغان. بۇ سىنىپنى پۈتتۈرگەنلەر قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردا پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىنى تەربىيەلەش ۋەزىپەسىنى ئۈستىگە ئالغان. 1988 ـ يىلىدىن باشلاپ تۇغۇتقا چەك قويغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 169 مىڭ كىشىگە يەتكەن. 359 نەپەر ئايالنىڭ بالىسىنى مەجبۇرى ئالدۇرۇۋەتكەن. تۇغۇت چەكلەش ئەسۋابىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلانغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سانى 338 مىڭ 500 گە، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلانغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سانى 377 مىڭ 600 نەپەرگە يەتكەن.

## 1990 ـ 1991 ـ يىللار

ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇش نىسبىتى 81.58% گە ئۆرلىگەن. بىر پەرزەنت كۆرۈشكە مەجبۇرلانغان ئۇيغۇر ئاياللىرى 267 مىڭ 243 كە يەتكەن.

ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش، تۇغۇتنى چەكلەشكە مەجبۇرلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 1 مىليون 770 مىڭ 600 نى تەشكىل قىلغان. waplant ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىشتا دورىنى تېرە ئاستىغا سالىدىغان يېڭى تېخنىكىنى كىرگۈزۈپ، تۇغۇت يېشىغا يەتكەن 576 مىڭ ئايالغا سىناق قىلىپ ئىشلەتكەن. 381 مىڭ ئايال تۇغۇتنى چەكلەش ئوپېراتسىيەسىگە زورلانغان. شۇ يىلى پىلانلىق تۇغۇت گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاپتونوم رايوننىڭ خىتاي مۇئاۋىن رەئىسى جىن يۇڭخۇي ئۈستىگە ئالغان. ساقچى ئورۇنلىرى ۋە بىڭتۇەن ياردەملەشكەن.

## 1992 ـ 1993 ـ يىللار

مەخپىي پىلان بويىچە تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ سانى 60 مىڭدىن كۆپرەك ئازايدى.

1992 ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاجراتقان پىلانلىق تۇغۇت كەسپىي خىراجىتى 9 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1991 ـ يىلىدىكىدىن 2 مىليون يۈەن كۆپەيگەن. 1992 ـ يىلى بىر

قىسىم ناھىيەلەردە دورىنى تېرە ئاستىغا كۆمۈپ ھاملىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۇسۇلى ۋە ئەرلىك ئۇرۇقدانى بوغۇش «ئەرلەرنى ئاقتا قىلىش» ئوپېراتسىيەسى كېڭەيتىلىپ، 500 مىڭ ئۇيغۇر ئەركەككە سىناق قىلىندى. شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدە تۇغۇتنى چەكلەش ئوپېراتسىيەسى 389 مىڭ 877 نەپەر كىشىگە يېتىپ، 1991 ـ يىلىدىكىدىن 161 مىڭ 845 كە ئاشقان.

دورا ـ سايمان ئىشلىتىپ ھاملىدارلىقتىن ساقلىنىشقا مەجبۇرلانغانلار (ھاملىدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابىنى سالدۇرۇشقا مەجبۇرلانغانلار بۇنىڭ سىرتىدا) 825 مىڭ 874 نەپەر بولغان.

ئۈنۈمى قىسقا مۇددەتلىك دورىنى ئىچىشكە مەجبۇرلانغانلار 1.88% نى، ئۇزاق مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان دورا ئىچىشكە مەجبۇرلانغانلار 9.14% نى ۋە قاپچۇق ئىشلىتىشكە مەجبۇرلانغانلار 25.08%نى ئىگىلىگەن. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە 2 مىليون 267 مىڭ 400 يۈەنلىك دورا ـ دەرمەك، 2 مىليون 140 مىڭ كىشىلىك ھاملىدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋاب ـ سايمانلىرى ئىچكىرى خىتايدىن يۆتكەپ كېلىنگەن. جايلارغا 4 مىليون 419 مىڭ 200 يۈەن قىممىتىدىكى، 1 مىليون 102 مىڭ 300 كىشىلىك ھاملىدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ سايمانلىرى تارقىتىپ بېرىلگەن. ئامباردا ساقلىنىۋاتقان 979 مىڭ يۈەنلىك

هامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ سايمانلىرى مۇشۇ بىر يىلدا ئىشلىتىلگەن. مۇشۇ يىللاردا ئىچكىرى خىتايغا 22 خىل بالا چۈشۈرۈش ئەسۋابىغا بۇيرۇتما بېرىلگەن. 1992 ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاساسى قاتلام پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيەتى تەشكىلاتىنىڭ سانى 3500 دىن، ئۇنىڭ ئەزالىرى 138 مىڭ 900 دىن ئاشقان.

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنى باشقۇرۇش كومىتېتى بىرىنچى بولۇپ ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشتىكى تۆت تۈرلۈك ئوپېراتسىيەسىگە 2 مىليون 900 مىڭ يۈەن، جايلاردىكى يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى، 110 مىڭ 600 يۈەن قوشۇمچە مەمۇرى خىراجەت ئاجرىتىپ بەرگەن.

ئاپتونوم رايون بويىچە 1993 ـ يىلى جەمئى 350 مىڭ 708 قېتىم ئوپېراتسىيە ئىشلەندى.

1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيەتلىرى 16 گە، ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلات 123كە، يېزا ـ بازار دەرىجىلىك جەمئىيەتلەر 5659 غا، بۇ جەمئىيەتكە قاتناشقان، مائاش ئالمايدىغان ئەزالار ئائىلىسى 4632 گە، بۇ ئەزالار ئالاقىلىشىدىغان تۇغۇت پەيتىدىكى ئۇيغۇر ئائىلىلەر 219 مىڭ 986 گە يەتتى.

1994 ـ 1995 ـ يىللار

ئەمەلىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە 844 «يېزا ـ بازار» يېزىلار بىر تۇتاش خىراجەت تاپلاشنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن. قالدۇرۇلغان خىراجەتنىڭ بىر قىسمىنى كەنتلەر پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى ھەل قىلىشقا ئىشلەتكەن. ئۇلارغا بېرىلگەن ھەق ئەھۋالغا قاراپ 180 يۈەندىن 1200 يۈەنگىچە بولغان.

دىققەت: 180 يۈەن، پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتچىلىرى نامىدا ئۆز خەلقىنىڭ بالىلىرىنى، تۇغۇتلۇق ئانىلارنى تېخنىكىلىق ئۆلتۈرىدىغان ئۇيغۇر غالچىلارغا، ئەمدى 1200 يۈەنلىك مائاش ئاشۇ ئۇيغۇر غالچىلارنى باشقۇرىدىغان، ئەقىل كۆرسىتىدىغان، پىلانلىق ئۆلتۈرۈشنى پىلانلايدىغان خىتاي كۆچمەن باشلىقلارغا بېرىلگەن. بۇ پۇللار يەنىلا پىلاندىن تاشقىرى پەرزەنت كۆرگەن ئۇيغۇر خەلقىدىن جەرىمانە شەكلىدە يىغىپ ئېلىنغان. بۇ ئۇسۇل، ئۆزىنىڭ يىغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟

ئەمدى كەلسەك، ئاپتونوم رايون بويىچە پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلەردىن مۇشۇ مەزگىللەردە ئېلىنغان جەرىمانە 57 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. بۇ پۇل ئېلىشقا تېگىشلىك پۇلنىڭ 58% نى تەشكىل قىلغان. بۇ پۇلنىڭ 92% نى پىلانلىق تۇغۇتقا ئىشلىتىلگەن. قالغىنى كۆچمەن خىتايلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا يەرلەشتۈرۈشكە سەرپ قىلىنغان.

1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇستەملىكە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ناھىيەدىن يۇقىرى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنى باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرى پۈتۈنلەي قۇرۇلۇپ بولغان.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەيلىكى دۆلەتلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى تەشۋىقات ـ تەربىيە مەھكىمەسىدىن جۇجۇنپىڭ ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ماسلاشتۇرغۇچى گېڭ چىيەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نوپۇس فوندى جەمئىيەتنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى خىددالى، 1994 ـ يىلى 1 ـ سىنتەبىردىن 11 ـ سىنتەبىرگىچە قەشقەر، ئىلى ۋىلايەتلىرىدىكى ئۆلگە كۆرسىتىپ تەربىيەلەش پونكىتلىرىدا خىزمەت تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە شۇ يەردىلا باھا بەرگەن.

دىققەت: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى نېمە ئۈچۈن خىتاينىڭ سىچۈەن، خۇنەن ئۆلكىلىرىگە بارمايدۇ؟ چۈنكى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دەرىجەسى ۋەھشىلىككە كۆتۈرۈلمىگەن. ئۇنداقتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خىتاي بىلەن بىرلىشىپ پەقەت ئۇيغۇرلارنىلا ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟

هۆرمەتلىك كىرىس سىمىت ئەپەندى!

پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى تىبەتتە دۆلەتنىڭ كادىرلىرى ئارىسىدىلا يولغا قويۇلغان. چۈنكى تىبەتنىڭ دالاي لامادەك

ئىگىسى بار. دالاي لامانىڭ ئامېرىكىدەك ئىگىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي كۆچمەنلىرىمۇ تىبەتنىڭ شالاڭ ھاۋاسىغا ماسلىشالمايدۇ. شۇڭا خىتاي بۇ رايوندا پىلانلىق ئۆلتۈرۈشنى زۆرۈر دەپ قارىمىغان.

كىرىس سىمىت ئەپەندى، مۇستەملىكە ۋە مۇستەملىكىچىلىك تارىخىنى ۋارقلىسىڭىز، دۇنيادا خىتايدەك ۋار - ۋارا مىللەتچى مىللەتنى ئۇچرىتالمايسىز. دۆلىتىڭىز ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئەزەلدىن پىلانلىق تۇغۇت سىياستى بويىچە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قارشى تۇرۇپ، ئىنساننىڭ تەبئىي ئۆسۈش ھوقۇقىنى قوغداپ كېلىۋاتقان دۆلەت. يۇقىرىدا سىزگە دەردىمىزنى سۆزلىدۇق، بىز ئۇيغۇرلار ئەمدى نېمە ئىش قىلىشىمىز كېرەك؟

مەقسىتىمىز مۇستەقىللىق...؟ شۇنداق، بەلكى 1944 - يىلى قۇرۇلغان ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتۇر. بۇ جۇمھۇرىيەت خەلقئارا سىياسى سودىلاردا سېتىلىپ كەتكەن ئىدى. مۇستەقىللىق مەقسەتنىڭ ۋاستىسى ئەقىل ۋە ئىرادە ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلار بۈگۈن دەردىمىزنىمۇ، ئىرادىمىزنىمۇ ئامېرىكا خەلقىگە تەقدىم قىلدۇق! خۇش ۋاق بولۇڭ كىرىس سىمىت ئەپەندىم[1].

---

[1] بۇ ھۆرمەتلىك كىشىنىڭ ئىسمى بۇرۇنقى يازمىلاردا كىرىستو فۇر سىمىت دەپ ئېلىنغان. بۇ قېتىم ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ خىتاي تىلى تور بېتىگە قارىسام كىرىس سىمىت دەپ، ئېنگلىزچە يېزىلىپتۇ. شۇڭا بۇ يەردە

بۇ ھۆججەتلىك ماقالە 1998 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يېزىلىپ، ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ سومكامغا سېلىنىپ، قەيەرگە بارسام ئېلىپ باراتتىم. دۆلەت مەجلىسىگە كىرگەندە دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىغا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە كىرسەم ئالاقىدار رەھبەرلەرگە تارقىتىپ بېرەتتىم.

---

بۈگۈن بۇ ھۆرمەتلىك ئەربابنىڭ ئىسمىنى كىرىس سىمىت دەپ يازدىم. تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن ــ ئاپتور.

# دۆلەت مەجلىسىنىڭ ھۆرمەتلىك ئەزالىرى!

خانىملار، ئەپەندىلەر!

ئامېرىكا خەلقىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. مەن 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچتە ۋاشىنگتوندىكى رىگان ئايرودرومىغا كېلىپ چۈشتۈم. تۈنۈگۈنگىچە تۈرمىدە جىنايەتچىلەرگىمۇ سۆز قىلىش ھوقۇقى ئالتە يىل چەكلەنگەن بىر ئايال سىياسىي مەھبۇس ئىدىم. ئاۋۋال چىكاكودا ئاندىن ۋاشىنگتوندا تىلىم سۆزگە كەلدى. ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. ئامېرىكىدا ھەقىقى ئەركىنلىككە ئېرىشتىم.

مەن 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە قولغا ئېلىندىم. خىتاي ساقچىلىرى دەسلەپكى 45 كۈن ئىچىدە ھەر كۈنى ئىككى قېتىمدىن جەمئىي 90 قېتىم سوراق قىلدى. ساقچىلار بىر سوئالنى داۋاملىق تەكرارلىدى.

ــ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟

ــ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق. بىراق، ئامېرىكا خەلقىنى ياخشى كۆرىمەن، بىر خەلقنى ياخشى كۆرۈش جىنايەت ئەمەسقۇ؟

خىتاي ساقچى بۇ سوئالنى 90 قېتىم تەكرارلىدى. مەن يۇقىرىقى جاۋابنى 90 قېتىم تەكرارلىدىم. مەن بۈگۈن ئازاد

بولدۇم. تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

1. ھازىرقى دۇنيادا (شىنجاڭ) ئۇيغۇرىستاندىن باشقا ھەرقانداق دۆلەتتە سىياسىي جىنايەت ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان قانۇن يوق. ئۇيغۇرلارغا خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆلۈم جازاسى بېرىشى كۈندىلىك ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغىچە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن يەردە 200 نەپەردىن ئارتۇق سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. مەسىلەن، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن سەككىز ئاي ئىچىدە 22 سىياسىي تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىدىن 55 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. 2001 ـ يىلى ئاسىيادا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئوسامە بىن لادېن باشچىلىقىدىكى تېررورىست گۇرۇپپىلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى ئافغانىستانغا ھەربىي ھەرىكەت قوللاندى. چۆچۈپ كەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئافغانىستانغا يېقىن قەشقەر شەھىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ـ ئۇلاقلىرىنى، ھارۋىلىرىنى، بارلىق قاتناش قوراللىرىنى يىغىۋالدى. قولغا ئېلىشنى، كېسىم ئېلان قىلىشنى ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى جىددىيلەشتۈردى. مەسىلەن، 2001 ـ يىلى 15 ـ نويابىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە

خىتاي ھۆكۈمىتى 24 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ھۆكۈم ئىلان قىلىپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت نەپەر ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. 2001 ـ يىلى 17 ـ نويابىر كۈنى خىتاي دائىرىلىرى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇرۇت قويۇشىنى چەكلىدى. ئاياللارنىڭ بېشىغا ياغلىق ئارتىشىنى چەكلىدى.

2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېررورىستلار ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شايار ناھىيىسىدە ۋە قەشقەر شەھىرىدە ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ، مىللىي بۆلگۈنچى جىنايىتىنى ئارتىپ، تۆت نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەردى.

2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) مالىيە ئىنستىتۇتىدا خىتاي تىلىدا دەرس ئۆتۈشنى رەت قىلغان 40 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى مەكتەپتىن قوغلاپ چىقاردى.

2001 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئۈرۈمچىدە 210 نەپەر مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرنى قولغا ئالدى. ئۆكتەبىرنىڭ 18 ـ كۈنى بەش نەپەر ئۇيغۇرغا مىللىي بۆلگۈنچى دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈم جازاسى بەردى.

2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى ئەمگەك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كىرەينېر Lorne Craner ئەپەندى ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلدى،

شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) ئۇنىۋېرسىتېتىدا كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا دوكلات بەردى. ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دا يەر تەۋرىگەندەك بولدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي روھىغا روھ قوشۇلدى، ئەركىنلىك توغرىسىدىكى خىياللار گويا شۇ دەقىقىدە رېئاللىققا ئايلانغاندەك بولدى. ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ھۆكۈمىتى 1943 ـ يىلى رىچارد ئىرمونىدى Richard Armondy ئەپەندىنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇل قىلىپ تەيىنلىگەندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 60 يىلدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى لورېن كىرەينېر ئەپەندىنىڭ ئۈرۈمچىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئۇيغۇر خەلقىنى ھەيرەتتە قالدۇردى. بۇنىڭ مىسالى شۇ بولدىكى، 2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستان دېموكراتلار پارتىيىسى ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. غۇلجا شەھىرىدە تاملارغا شوئار چاپلاپ، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) دىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. لورېن كىرەينېر ئەپەندى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپ 43 كۈن ئۆتكەندە، شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى (2003 ـ يىلى) خىتاي ھۆكۈمىتى بورتالا، قەشقەر، كۈيتۇن، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە 350 نەپەر ئۇيغۇرنى قولغا ئالدى. بۇلارنىڭ كىچىكى 15 ياش، چوڭلىرى 20 ياشلىق باللار ئىدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەھدىتكە، خىتاي تىلىنىڭ تەھدىتىگە، خىتاي زوراۋانلىقىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. ئەدەبىيات، تارىخ پەنلىرى ساھەسىدە ئەركىن پىكىر قىلغان ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر قولغا ئېلىندى.

توختى مـوزات قولغـا ئېلىـنـدى، 12 يىلـلـىق قامـاق جازاسـى بېرىلـدى، نۇرمـۇھەممەت ياسـىن «كـۆك كەپـتەر» ماۋزۇسـىدا بىـر پـارچە نەسـىر يازغـانلىقى ئۈچـۈن قولغـا ئېلىـنـدى 10 يىلـلـىق قاماق جازاسى بەردى.

هۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى:

خىتاي كۆچمەنلىرى توختىماي كۆچۈپ كىرىۋاتقـان شـىنجاڭ (ئۇيغۇرىـستان) دا ئۇيغـۇر خەلقىنىـڭ ياشـاش ماكـانى تارىيـىـپ كەتتى، بوستانلىقلارنى، سۇ مەنبەلىرىنـى خىتـاي كـۆچمەنلىرى ئىگىلەپ كەتتى.

خىتـــاي كـــۆچمەنلىرى هۆكـــۈمىتى يېقىنـــدا شـــىنجاڭ (ئۇيغۇرىـستان) دا كـۆچمەنلەرگە ئېتىبـار بېـرىش سىياسـىتىنى يولغا قويۇپ، خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتـۈرۈپ، شـىنجاڭغا كۆچـۈپ كىـرگەن كـۆچمەن خىتايلارغـا مائاشـىنىڭ سـىرتىدا يەنە 500 يـۈەن مائـاش قوشـۇپ بېرىـدىغان بولـدى. ئـالىي مەكتەپلەرنـى پۈتتـۈرگەن ئۇيغـۇر ئوقۇغـۇچىلار ئىشسىز كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈپتۇ. لېكىن بۇ كىشلەر بۆگۈن سىياسىي ئاكتىپلارغا ئايلاندى.

2001 ـ يىلـى ئامېرىكـا قوشـما شـتاتلىرى هۆكـۈمىتى تېررورىستلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئافغانىستانغا هەربىي هەرىكەت قوللانغاندا، خىتاي هۆكۈمىتى جىددىيلىشىپ، ئەسلىدە خىتاي كۆرۈپ باقمىغان ئۇيغۇر يېزىلىرىغا، ئۇيغۇر كەنتلىرىگە، بىگۇناھ خىتايلىرىدىن دادۈيجاڭ، شاۋ دۈيجاڭ يۆتكەپ كېلىپ ئۇيغۇر

يېزىلىرىنى كونترول قىلدى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى بۇ خىتايلارنى بېقىشقا، ئۇلارغا مائاش بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىغا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلدى. تېببىي ياردەمدىن خالىي مەجبۇرى بالا چۈشۈرۈش دورىسىنى ئىچكەن ئۇيغۇر ئاياللىرى ياكى ۋاقىتسىز ئۆلدى ياكى ئۆمۈرلۈك ئەگەشمە كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولدى. ئوپېراتسىيە قىلىپ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئېلىۋېتىلگەن نارەسىدەلەرنىڭ جەسەتلىرى دورا زاۋۇتىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى. مەسىلەن، 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرىستاندا مەجبۇرىي دورا ئىچكۈزۈپ ئوكۇل ئۇرۇپ 500 مىڭ ئۇيغۇر ئەركەكنى ئاقتا قىلىۋەتتى.

2005 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خىتاينىڭ نوپۇس ــ ئاھالە ئىشلىرى ئۈستىدە توختالغان ئاپتونوم رايوننىڭ قورچاق رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى. 9 ـ 5 يىللىق پىلان ئىچىدە شىنجاڭدا (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا) ئۈچ مىليون 500 مىڭ ئۇيغۇر نارەسىدەنىڭ كەم تۇغۇلغانلىقىنى، تۇغۇش نىسبىتىنىڭ 48%، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ 58% بولغانلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى.

ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى:

خىتاي ھۆكۈمىتى نېمىشقا پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرىدۇ؟ نېمىشقا خىتاي ھۆكۈمىتى

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىدۇ؟

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى خىتاينىڭ زوراۋان سىياسىتى ۋە ساختا قانۇنلىرى ئارقىلىق چەكلەندى. 50 ـ يىللاردىن باشلاپ دىنىي مەكتەپلەرنى تاقىۋەتكەندىن كېيىن، بۈگۈن ئۇيغۇرلار يەر ئاستى مەكتەپلەرنى ئېچىپ ياشلارغا دىنىي ئېتىقاد تەربىيەسى ۋە ئەخلاق تەربىيەسى بېرىشنى مەقسەت قىلغاندا بۇنداق جۈرئەتلىك دىنىي ئەربابلار قولغا ئېلىنىدى. مۇددەتسىز، مۇددەتلىك قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. مەسىلەن، 2001 ـ يىلى 17 ـ نويابىر ئۇيغۇرىستاندا 40 نەپەر دىنىي ئەربابنى جاي ـ جايلاردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ نەزەربەند قىلىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا بۇ دىنىي ئەربابلارغا مەجبۇرىي سىياسىي تەربىيە ئورۇنلاشتۇردى.

ـــ ھازىر ئامېرىكىدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار كوچىغا چىقالمايدۇ، ـ دېدى ۋە ئۆزلىرى ئىشلەپ چىققان كاسىتلارنى دىنىي ئەربابلارغا كۆرسەتتى.

بۈگۈن ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىنلا ئايرىلىپ قالماي، ئەڭ مۇھىمى دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئەخلاق تەربىيەسىدىن ئايرىلىپ قالدى. خېروين كەشلىك، نەشە چېكىش، خىلمۇخىل ئەخلاققا يات بولغان ھادىسىلەر ئادەتتە نورمال جەمئىيەت تەرتىپلىرى بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چەكتىن ھالقىپ كەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى جىنايەت ئۆتكۈزۈش

مەنبەلىرىنى تۈگىتىشنىڭ ئورنىغا جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ مۇمكىن بولغان مەنبەلىرىنى كېڭەيتىۋەتتى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلەش ئاخىر ئۇيغۇرلارغا ئەخلاق كىرىزىسى ئاپىرىدە قىلدى.

يەر ئاستى بايلىقىنى تەبىئىي گاز، خام نېفتنى ئېچكىرى خىتايغا ھەقسىز يۆتكەپ كەتتى. شۇنداق ئەھۋالدا مەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئامېرىكا خەلقىگە مۇراجىئەت يېزىپ قولغا ئېلىندىم.

ئامېرىكا خەلقىگە مۇراجىئەت ماۋزۇلۇق خېتىمنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1) ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ تەربىيەلىنىشى ھەققىدە؛

2) زەھەرلىك چېكىملىك مەسىلىسى، بۇنىڭغا ھۆكۈمەتنىڭ سەل قارىشى؛

3) ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىشىغا ھۆكۈمەتنىڭ سەل قارىغانلىقى؛

4) خىتاي كۆچمەنلىرى مەسىلىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ماكانىنىڭ تارايغانلىقى؛

5) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى نارەسىدەلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، تۇغۇتلۇق ئانىلارنىڭ تېببىي ياردەمگە ئېرىشەلمىگەنلىكى؛

6) ئېكولوگىيەنىڭ بۇزۇلغانلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ ۋە خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكى؛

7) دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى مەسىلىسى؛

8) ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسى؛

9) سىياسىي مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش مەسىلىسى، ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى توختىتىش مەسىلىسى؛

10) سىياسىي مەھبۇسلارنى ئوچۇق سوت قىلىش ۋە ئادۋوكات يالللاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسى قاتارلىق مەزمۇنلار ئىدى.

خانىملار! ئەپەندىلەر!

ئامېرىكا خەلقىگە يازغان مۇراجىئەتنامە مېنى قولغا ئالغان كۈنى مۇسادىرە قىلىندى.

كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە قاتارلىق ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي قىممەت قاراشلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تاشقى سىياسىتىنىڭ يادروسى بولۇپ كەلدى.

پرېزىدېنت بوش رەھبەرلىكىدىكى ئامېرىكا خەلقى، ئىراقتا دېموكراتىك جەمئىيەت بەرپا قىلدى، تېررورىستلارنى يوقىتىپ ئافغانىستاندا دېموكراتىك دۆلەت بەرپا قىلدى. گەرچە دېموكراتىيە، ئەركىنلىك تېخى ئۇيغۇر خەلقىگە يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، ئامېرىكا ئارمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەربىي بازا قۇردى.

بىز ئۇيغۇرلار بۇ كۈننى توپتوغرا 60 يىل كۈتتۇق. ئامېرىكا ئارمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەبەدى ھەربىي بازا قۇرۇشى لازىم.

ئامېرىكىنىڭ سىياسىي مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى كېرەك.

ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيەسى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى كېرەك.

دېموكراتىيە، كىشىلىك هوقۇق، ئەركىنلىك ئۇيغۇر خەلقىگە، تىبەت خەلقىگە يېتىپ كېلىشى كېرەك. دۇنيانىڭ قاراڭغۇ بۇرجەكلىرىگىچە يېتىپ بېرىشى لازىم. مېنىڭ بىلىشىمچە تىبەت بىر قاراڭغۇ بۇرجەك، ئۇيغۇرىستان بىر قاراڭغۇ بۇرجەك بولۇپ قالدى.

بۇ كۈنى رابىيە قادىر، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك هوقۇقى توغرىسىدا دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاهلىقتىن ئۆتكەندە يۇقىرىقىدەك دوكلات قىلدى.

2005 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى (24 ـ كۈنى)

# تىبەتلەر بىلەن تونۇشۇش

بۇ يىغىلىشقا قاتناشقان ھۆرمەتلىك دوستلار!

يىغىنغا قاتناشقان ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى!

ھۆرمەتلىك تىبەتلىك دوستلار!

مەن ئالدى بىلەن مېنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن بۈگۈن بۇ سورۇننى ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن خەلقئارا «تىبەت ھەرىكىتى» تەشكىلاتىغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. دۆلەت مەجلىسىنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابى تام لەنتوس Tom Lantos ئەپەندىمگە رەھمەت ئېيتىمەن. فرانك ۋولف Frank Wolf ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمەن. سابىق مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كىرەينىر Lorne Craner ئەپەندىمگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

تىبەت خەلقى ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش خاتىرىسىگە قارشى كۆرەش قىلىپ كەلدى. كىشىلىك ھوقۇق دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ئۈچۈن تىبەت خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ھېسابسىز بەدەل تۆلىدى. مەن بۈگۈن تىبەت خەلقى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى قوللىغان ئامېرىكا خەلقىگە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا، نورۋېگىيە «رافتو

فونــــدى» جەمئـــــيەتـگە، «دىئـــالوگ فونــــدى جەمئىيەتـــــى» ئامېرىكىنىــڭ دۆلەتلىــك «دېمــوكراتىيە فونــدى» جەمئــيەتىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

تىبەت خەلقىنىڭ دىنىي، مەنىۋى داھىيسى دالاي لامـا 1959 ـ يىلـى 3 ـ ئايـدا تىبەتـتىن ئايرىلىــپ دالامــسالا ئۆلكىــسىگە يېتىــپ كېلىــپ، خەلقئـارا سـەھنىدە كىـشىلىك ھوقـۇق ئۈچۈن كۆرەش قىلىش يولىنى تاللىۋالدى. ئۇيغۇر خەلقـى شـۇ يىللاردىــن باشـلاپ تىـبەت خەلقىنىــڭ سىياســي تۇرمۇشــىغا كۆڭـۈل بۆلـۈپ كەلــدى. خەلقئــارادا ئىناۋەتلىــك، نوپۇزلــۇق ئەربــاب دالاي لامــانى ئۇيغۇر خەلقى ھۆرمەت قىلىپ كەلدى.

دالاي لامــــا 20 ـ ئەســـــرنىڭ 60 ـ يىللىرىـــــدا خەلقئـــــارا سىياســــي ســــەھنىدە سىياســــي پائـــالىيىتىنى باشــــلىغاندا ھەرقانداق سىياسىي سورۇندا، ھەرقانداق خەلقئارا ئۇچرىشىــشلاردا تىبەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى تىلغا ئېلىــپ ئۆتكەنــدە ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىــپ كەلــدى. شـۇڭا مەن، بۇگـۈن بـۇ يەردە دالاي لاماغـا چىــن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ھۆرمەتلىك تىبەتلىك تەقدىرداشلار!

ھەســرىتىمىز ئوخــشاش، كـۈلكە ـ شــادلىقىمىز ئوخــشاش، كىــشىلىك ھوقــۇق، دېمــوكراتىيە، ئەركىنلىـــك تەلەپلىرىمىـــز ئوخــشاش. خىتــاي ھۆكۈمىتىنىـــڭ ئۇيغــۇر خەلقىنـــى، تىـــبەت خەلقىنى باستۇرۇشى ئوخـشاش. شـۇڭا قـولنى ـ قولغـا تۇتۇشـۇپ،

مۆرىنى ـ مۆرىگە تىرەپ كىشىلىك ھوقۇق ۋە كەلگۈسىمىز ئۈچۈن ئورتاق كۆرەش قىلايلى!

رابىيە قادىر

2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

# ھۆرمەتلىك خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى

رەھبەرلەر، ئەزىزلەر!

مەن رابىيە قادىر 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولۇپ، ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدىم. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئۆزۈندىن باشلاپ كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بولۇپمۇ مېنىڭ تۈرمىدىن ئازاد بولۇشۇمغا خەلقئارا كەۈرۈم تەشكىلاتى ئىنتايىن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەن بۈگۈن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىغا، رەھبەرلىرىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

1999 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ رەھبىرى ت. كۇمار T. Kumar ئەپەندى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا يۈز بەتلىك ماتېرىيال تەييارلاپ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە دوكلات بەردى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبى زىلزىلىگە كەلدى. بىر ـ بىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. مەن شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە ئىدىم. چەكسىز خۇشال بولۇپ، قەلبىم ئۈمىدلەرگە تولغان ئىدى. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ت. كۇمار T. Kumar ئەپەندىنىڭ دوكلاتى ئارقىلىق تۇنجى قېتىم ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە يېتىپ كەلدى ۋە تۇنجى قېتىم خەلقئارالاشتى.

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى رابىيە قادىر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىم، كاتىپى قەھرىمان ئابدىكېرىملارنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا دوكلات تەييارلاپ پۈتۈن دۇنياغا تارقاتتى.

2002 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ت. كۇمار T. Kumar ئەپەندىمنىڭ رەھبەرلىكىدە مېنىڭ تۆت نەپەر بالام ئوكلاخوما شتاتىدىن ۋاشىنگتونغا كېلىپ، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. ت. كۇمار T. Kumar ئەپەندى مېنىڭ باللىرىمنى «ۋاشىنگتون پوست» گېزىتى ئىدارىسىگە باشلاپ بېرىپ، مۇخبىرنىڭ زىيارىتىگە ئورۇنلاشتۇردى. زىيارەت خاتىرىسى 22 ـ كۈنى «ۋاشىنگتون پوست» «The Washington Post» گېزىتىنىڭ باش تېمىسىدا ئېلان قىلىندى.

2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا «ئاق تاشلىق كىتاب» ئېلان قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى مايىك Mike ئەپەندى، ۋاشىنگتوندا مۇخبىرلار كۇلۇبىدا باياناتت ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتى. بىز ئۇيغۇرلار

ئۈچۈن ئېيتقاندا مايك Mike ئەپەندىنىڭ باياناتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئاق تاشلىق كىتاب»نىغا ئاجايىپ بىر رەۋىشتە سېلىشتۇرما بولدى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى رابىيە قادىر قولغا ئېلىنغان كۈندىن باشلاپ تاكى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگۈچە ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ھۆججەت تارقاتتى.

ھۆرمەتلىك خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى!

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر! ھۆرمەتلىك ئەزىزلەر!

سىلەرگە پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى سالام يوللايدۇ. مەن ئالتە يىل تۈرمە ھاياتىنى ئۆتكۈزگىچە، بالىلىرىم تۈرمىگە مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە چىققاندا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلىرىدىن مېنى خەۋەردار قىلىپ تۇردى. تۈرمىدە سۆزلەش ھوقۇقۇم چەكلەندى. ئەمما، تەسەۋۋۇرۇمدا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلدىم. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئىسمى ماڭا تۈرمىدە مەدەت بولدى.

2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

# ئەقىلنىڭ تەلەپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرايلى

ئىككى بىرلىنىنىڭ بىرلەشكەنلىكى يالتا سىستېمىسىنىڭ ياۋروپادا يىمىرىلگەنلىكىدىن، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. دۇنيانىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسىدا ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، دۇنيا تارىخى كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە دەۋرىگە قەدەم قويدى. ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەر يېڭى دۇنيانىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئىزدەشكە باشلىدى. دۇنياۋى سىياسىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى.

قەدىمى مىللەت ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئويغىنىشقا باشلىدى. بىراق، بۇنداق ئويغىنىش قاتتىق باستۇرۇشقا دۇچ كەلدى. بەزىلەر — خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر تىلىنى بىر مىللەتنىڭ تىلى سۈپىتىدە يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ، نوپۇس ۋە تەرەققىياتقا باغلىق سىياسەتلەر تۈزۈلگەندە بىر مىليارد نوپۇسلۇق بىر مىللەت بىلەن 20 مىليون نوپۇسلۇق ئۇيغۇر مىللىتى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلدى. سۈنئىي تولغاق كەلتۈرۈش ئوكۇلى ئۇرۇلغان ئۇيغۇر ئانىلارنىڭ بالىياتقۇسىنىڭ تۆرەلمە بىلەن قوشۇلۇپ سىرتقا ئېتىلىپ چىققانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى مەن بۇ يەردە سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن.

ئادەم بولۇپ تۇغۇلۇپ، بىر جەمئىيەتتە ئادەمدەك ياشاش ھەقلىق، بۇ جەمئىيەتتە ئۇيغۇرلار شۇنداق ياشاشقا ھوقۇقلۇق دەپ قارايتتۇق. ئەمما جەمئىيەتنىڭ مۇلۇكچىلىك مۇناسىۋەتلىرى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلى مەۋجۇت پەرقلەرنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىۋەتتى. بۇ جەمئىيەتتە ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەلىرىدە تەڭسىزلىك ۋە يىرىكلىشىپ كەتكەن مىللىي مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئوخشاش بولمىغان مەغلۇبىيەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلەپ قويىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئارىلىق ساقلاش تۇيغۇسىدا سەكرەش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر ھاسىل بولۇشقا باشلىدى. مىللىي مەنپەئەتلىرى دەخلى - تەرۇزغا، مىللىي غۇرۇرى ھاقارەتكە ئۇچرىغاندا، قاراپ تۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن ئۇيغۇرلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىققاندا، ئوخشاش جىنايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا دۇچ كەلگەن، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىدىن ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كەلگەن خىتاي ۋە ئۇنىڭ «قانۇنى» ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى لايىق تاپتى.

دىنىي ئېتىقادىمىز سوتسىيالىزمنىڭ ئاتېئىزىم تەشۋىقاتىغا، دىنىي ئېتىقادقا قارىتىلغان زوراۋانلىققا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئىنسان قەلبىنىڭ ساداسى ھېسابلانغان ئەخلاق سىستېمىسى يىمىرىلدى. جەمئىيەت جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ كۆڭۈلسىز مەنبەلىرىگە توشۇپ كەتتى.

تاغلىق ۋە چۆللۈكلەر بىلەن قورشالغان جۇغراپىيەلىك زونىغا ئۇيغۇرىستان ئۆزلۈكسىز كۆچۈپ كىرىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى. ئوتۇنكۇزا كۆلى، ئېبىنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى. تەبىئەت بۇ ئۆلكە ــ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى يوقاتتى.

بۈگۈن 21 ـ ئەسىر كىشىلىك ھوقۇق دەۋرىدىمۇ 16 ياشلىق، 19 ياشلىق ئۇيغۇر قىزلىرى ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاندىن يۇزلەپ، مىڭلاپ، ناتونۇش يۇرتلار ـ خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلدى. خىروئىن چېكىش ۋە ئەيدىز كېسىلى يامراپ كەتتى. ئىلى ۋىلايىتى، بىر ۋىلايەتتە 60 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندا، ئىنسانپەرۋەر ئامېرىكا، ئاۋسترالىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر پۇل ئاجرىتىپ ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئۇيغۇرلارنى داۋالاشقا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى.

بۈگۈن دۇنيانىڭ قاراڭغۇ بۇرجىكىدە تەكرار ـ تەكرار زوراۋانلىققا دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، كىشىلىك ھوقۇق دەردى، غەرب دۇنياسى جىددىي كۆڭۈل بۆلمىسە بولمايدىغان دەردكە ئايلىنىپ قالدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە ئۇيغۇرىستان چارروسىيىنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن لېنىن، ستالىن روسىيىسىنىڭ ئاسىيا ئىستراتېگىيىسىدە دىپلوماتىك كارتىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، روسىيە ۋە

خىتايدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى ياكى يېرىكلەشتۈرىدىغان ياكى ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى ماسلاشتۇرىدىغان ئۆلكە بولۇپ كەلگەن. قىسقىسى ئۇيغۇرىستان ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسىيادىكى پولشىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. يېقىندا قۇرۇلغان شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى يۇقىرىقى تارىخنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلارغا زەربە بېرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي ئىشلار كۆلۈبىغا ئايلىنىپ قالدى.

2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پرېزىدېنت بوش رىگا شەھىرىدە: «يالتا يىغىنى ئىنتايىن زور تارىخى خاتالىق بولغان ئىدى» دەپ، كۆرسەتتى ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىن ئەپۇ سورىغاندەك بولدى. شۇنداق يالتا سىستېمىسى ياۋروپادا يىمىرىلدى، ئاسىيادا تېخى يىمىرىلمىدى. بالتىق بويىدىكى دۆلەتلەرگە ئالاقىدار چاقىرىلغان موسكۋا يىغىنى (1939) يېقىندىلا ياۋروپادا يىمىرىلدى. لېكىن يالتا سىستېمىسىنىڭ رامكىسى ئىچىدە ئۇيغۇرىستانغا ئالاقىدار چاقىرىلغان موسكۋا يىغىنى (1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى) ئاسىيادا تېخى يىمىرىلمىدى. ستالىن بۇ يىغىنلاردا يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنى يەنە بىر قېتىم خىتايغا سېتىپ بېرىپ يىراق شەرقتە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىششنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىغان ئىدى.

ھەربىر مىللەت ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بويىچە تەشكىللىنىشكە، ئىلغار مەملىكەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشقا ۋە بۇ نەتىجەلەرنى ئۆز مۈلكىگە ئايلاندۇرۇشقا، يەر ئاستى بايلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى.

بىر ئادەمنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئىككىنچى بىر ئادەم ئالاھىدە ھوقۇقلۇق بولمىغاندەك، بىر مىللەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئىككىنچى بىر مىللەتمۇ ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئېرىشكەن ئەمەس ئىدىغۇ؟! ئۇيغۇرلار يۇقىرىقى تەلەپلەر بويىچە ياشىيالمىغاچقا شۇڭا جەمئىيەتتە مەقسەتلىك تەييارلانغان غەيرىي ئىمكانىيەتلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئىرادىسى ئوتتۇرىسىدا ياراشتۇرغىلى بولمايدىغان توقۇنۇش ھالىتى شەكىللەندى.

ئۆتۈپ كەتكەن 50 يىل ئۇيغۇرلار ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز كۈرەش قىلغان 50 يىل، خىتاي مىللىي ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلۈكسىز باستۇرغان 50 يىل بولدى.

نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى ئاندېرى ساخاروپ بۇنىڭدىن 31 يىل بۇرۇن مۇنبەرگە ئەۋەتكەن ئاجايىپ نۇتقىدا: بىز ئەقىلنىڭ تەلەپلىرىنى ــ نىشانلىق تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرالىلۇق دەپ، كۆرسەتكەن.

بۇگۈنكى دۇنيا تېررورىستلارغا قارشى تۇرۇشنى ئەقىلنىڭ ئالدىغا قويدى؛

مۇستەبىتلەرگە قارشى تۇرۇشنى ئەقىلنىڭ ئالدىغا قويدى؛

جاھان تىنچلىقىغا كاپالەت قىلىش ۋە ئاردىكى مەسىلىلەرنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئەقىلنىڭ ئالدىغا قويدى؛

ئاجىز مىللەت تەسەۋۋۇر قىلغان نىشانلىق تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىمۇ ئەقىلنىڭ ئالدىغا قويدى؛

غەرب ئەللىرى خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەقىلنىڭ تەلەپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرايلى!

2005 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

# ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى!

مىللىتىمىز ئۇيغۇر، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ ئۆلكىسى خىتاي تىلىدا «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى 55 يىلىدىن بۇيان، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى، دىنىي مۇراسىم، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ كەلدى. 50 ـ يىللاردىن باشلاپلا دىنىي مەكتەپلەرنى، دىنىي پائالىيەت، دىنىي تەتقىقات سورۇنلىرىنى، مەدرىسلەرنى تاقىۋەتكەن ئىدى.

دىنىي خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ سىياسىتىگە بويسۇندۇرۇپ دىن بىلەن سوتسىيالىزمنى بىرلەشتۈرۈشكە زورلىدى. سىياسىي تەربىيەلەش مەكتەپلىرىنى ئېچىپ، دىنىي زاتلارنى سىياسەت ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ خۇداغا ئىشەنمەسلىك توغرىسىدا دىنىي زاتلارغا بېسىم ئىشلەتتى. دىنىي ئەربابلار ئارىسىدا ئاتېئىزم تەربىيەسى ئېلىپ باردى.

مەسىلەن، 1988 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش توغرىسىدا «ۋاقىتلىق قائىدە»نى تۈزۈپ چىقىپ، شۇ يىلى قەشقەر شەھىرىدە دىنىي زاتلارغا 120 مىڭ ئادەم قېتىم سىياسىي تەربىيە ۋە ئاتېئىزم تەربىيەسى ئېلىپ باردى.

1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا «دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى» ئېلان قىلىنغانلىقىغا بىر يىل توشقاندا تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئالتە پرىنسىپنى تەشۋىق قىلدى.

1. (1) دىننى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش.

(2) قانۇنغا رىئايە قىلغانلارنى قوغداش.

(3) قانۇنسىزلارنى چەكلەش.

(4) قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا زەربە بېرىش.

(5) دىننىڭ چەت ئەلدىن سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەش.

قانداق خاراكتېرلىك دىنىي پائالىيەت قانۇنلۇق بولىدۇ؟ يەنە قانداق خاراكتېرلىك دىنىي پائالىيەت قانۇنسىز بولىدۇ؟ خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى ھازىرغىچە بۇ توغرىدا ھېچقانداق قانۇن چىقارماي، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە زوراۋان سىياسەت قوللىنىپ كەلدى.

2. 1995 ـ يىلى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش، تەكشۈرۈش ئۈچۈن خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، بايىنغولىن، قۇمۇل، تۇرپان، سانجى، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت شەھەرلەرگە سەككىز تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى 18 قېتىم ئەۋەتتى.

3. مۇشۇ يىللاردا «ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار» سىياسىي پائالىيىتى تەشكىللەپ 13 مىڭ 700 نەپەر دىنىي ئادەمگە مەجبۇرى سىياسىي دەرس ئۆتتى.

4. دىنىي زاتلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى پارچىلاش خىزمىتىنى جىددىيلەشتۈردى. سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلغۇچىلارغا «ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات» دەپ نام بەردى. سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرغۇچىلارغا جازا بەردى.

5. 1996 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «دىنىي قائىدە ـ نىزاملار بويىچە تەشۋىقات تەربىيە ئېيى» تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئىيسا تېلېۋىزىيەدە «دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرايلى» سەرلەۋھەلىك ماۋزۇدا دوكلات بېرىپ، دىنىي زاتلارغا ۋە پۈتۈن جەمئىيەتكە تەھدىت سالدى.

1999 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا پاجىئەلىك بىر يىل بولدى. 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كوسوۋو ئۇرۇشى باشلانغاندا، خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى بىر ئاي ئىچىدە «كوسوۋو ئۇرۇشى» ماۋزۇلۇق بىر كىتابنى ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىپ، ئامېرىكىغا قارشى تەتۈر تەشۋىقات تارقاتتى. بۇ كىتابتا: «ئامېرىكا كوسوۋولۇق مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈردى» دېيىلدى. ئامېرىكا خەلقىنىڭ ياردەم قىلىپ، كوسوۋو خەلقىنى مىلوشوۋىچنىڭ ئېتنىك تازىلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشى، خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىنى چۆچۈتۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر دىنىي زاتلارغا زوراۋانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى مۇنداق دېدى: «دۈشمەن كۈچلەر دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. دىنىي ئەسەبىيلىك ئەۋجىگە چىقتى، دىندىن پايدىلىنىپ كوممۇنىستىك پارتىيەگە ھۇجۇم قىلدى، مىللىي كەيپىياتنى قۇترىتىپ، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ دىن ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلەتتى.

بۇ خىل كىشىلەر كىملەر ئىدى؟

1. 1999 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيە باش ئېرىق يېزىسىدا 28 نەپەر پارتىيە ئەزاسى (ئۇيغۇر) مىڭ كىشىلىك يىغىن چاقىرىپ، كوممۇنىستىك پارتىيەدىن چېكىنىپ چىقىپ دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېلان ئەتتى.

2. «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا دىنىي زاتلار «تەبلىغ» دىنىي پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. دائىرىسى شىمالىي «شىنجاڭ»نىڭ ئىلى ۋىلايىتى جەنۇبىي «شىنجاڭ»، قەشقەر، پەيزاۋات، قاراقاش ناھىيەسى قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرگىچە كېڭەيدى. خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى پۈتۈن «شىنجاڭ»دا 19 ئورۇندا «تەبلىغ» پائالىيىتى ئېلىپ بارغان دىنىي زاتلارنى باستۇرۇپ، 1600 نەپەر دىنىي زات قولغا ئېلىندى.

3. قەشقەر شەھىرىنىڭ توققۇزاق ناھىيەسىدە 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى كوللېكتىپ ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى.

4. يەكەن ناھىيە چاراپ يېزىلىق مەكتەپنىڭ بىر نەپەر ئوقۇغۇچىسى دىنىي مەكتەپ ئېچىش توغرىسىدا ھۆكۈمەتكە خەت يازغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى.

5. شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 24 نەپەر ئوقۇغۇچى مەكتەپلەردە دىنىي دەرس ئۆتۈلمىگەنلىكىدىن نارازى بولۇپ، مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىپ، جەمئىيەتتە دىنىي مەكتەپ ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىپ قولغا ئېلىندى.

6. شۇ يىلى ھۆكۈمەت «شىنجاڭ» ئۆلكە بويىچە مەكتەپلەرنى تەرتىپكە سېلىش پائالىيىتى تەشكىللەپ، بۇنىڭدىن باشقا 1356 نەپەر تالىپ ئوقۇۋاتقان 118 يەر ئاستى مەكتەپنى تارقىتىۋەتتى. (مەن تارقىتىۋەتتى دېگەن سۆزگە ئىشەنمەيمەن، بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىندى).

7. قەشقەر ۋىلايىتىدە يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ سانى 50 كە يەتكەندە، خىتاي ساقچىلىرى بۇ مەكتەپلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، 600 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىنى تارقىتىۋەتتى. (مەن تارقىتىۋەتتى دېگەن سۆزگە ئىشەنمەيمەن، بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىندى).

1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ساقچىسى قوغۇن ساتقۇچى بىر ئۇيغۇر بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ساقچى بۇ ئۇيغۇرنى ئورۇنسىز ھاقارەت قىلغاندا، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لوپ ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنى قورشىۋالدى. قورشاۋنى بۆسۈپ چىققان خىتاي ساقچىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ «قۇرەيش» دىنىي جەمئىيەتىنى باستۇرۇشقا كەلگەندە 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر قوراللىق ساقچى قىسىملارغا قارشى ئېلىشتى. (ئوق چىقاردىمۇ، قانچىلىك ئادەم قولغا ئېلىندى، بىلمەيمەن، مەن پايدىلانغان ماتېرىيالدا بۇ توغرىدا بىر نېمە دېيىلمىگەن).

2005 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خوتەن قاراقاش ناھىيەسىدە بىر يېزىدا بىر ۋەقە يۈز بەردى. يېزا خەلقى ئۆزلىرى پۇل چىقىرىپ، مەسجىد سالماقچى بولغاندا يېزا باشلىقى، كوممۇنىست مەتسالىخان ئەھمەت دېھقانلارنىڭ مەسجىد سېلىشىغا يول قويمىدى. يېزا خەلقى قوزغىلىپ بۇ كوممۇنىست ئۇيغۇرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. قايسى تەرەپنىڭ قىلغىنى توغرا مەن بۇنىڭغا باھا بېرەلمەيمەن. بىراق، يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئامېرىكا كونگرېسىگە ئەينەن دوكلات قىلىش مەجبۇرىيىتىم بار دەپ، ئويلايمەن.

يېقىندا خەلقئارا كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا بىر پارچە دوكلات ئېلان قىلدى. مەن بۇ دوكلاتنى توغرا، تەپسىلىي يېزىلغان ۋە ۋاقتىدا يېزىلغان دوكلات دەپ قارايمەن.

ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى، مەن يۇقىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۈم.

تۆۋەندە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى 1987 ـ يىلى تۈزۈلۈپ 1988 ـ يىللاردا ئىجرا قىلىنغاندىن باشلاپ، ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلەۋى تۇرمۇشىغا، ھاياتىغا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىغا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلدى. ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسى ئېلىپ تاشلاندى. 1994 ـ يىلى بىر يىلدا 500 مىڭ ئەركەككە دورا ئىشلىتىپ، ئەرلەرنى ئاقتا قىلىشنى سىناق قىلدى. 2005 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، 9 ـ 5 يىللىق پىلان ئىچىدە ئۈچ مىليون 500 مىڭ ئۇيغۇر نارەسىدەنىڭ كەم تۇغۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ 48% ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر ئېغىر ئاياغ ئاياللارنىڭ نارەسىدەلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ 58% ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

2005 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ۋە «تەڭرىتاغ تورى» قاتارلىق مەتبۇئاتلار يۇقىرىقى خەۋەرلەرنى ئاشكارا تارقاتتى.

بىز ئۇيغۇرلار ھازىر خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ئېتنىك تازىلاش سىياسىتى دەپ ئاتايمىز.

بۈگۈن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ دەردى ـ كۈلپەتلىرىگە قۇلاق سېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تەلەپلىرىمىزنى تۆۋەندىكىدەك ئىزھارلايمەن:

1. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ۋە بۇ سىياسەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا كەلتۈرگەن ئاچچىق ئاقىۋەتلىرى توغرىسىدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قانۇن لايىھە ماقۇللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2. ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۇيغۇر مەن. (گەرچە يۇقىرىقى مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ) ئوتتۇرا ئاسىيا يالغۇز قازاق ۋە قىرغىزنىڭ ياكى تاجىك ۋە ئۆزبېكنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىلا ئەمەس، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيەگە موھتاجلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەبەدى ھەربىي بازا قۇرۇشىنى تەلەپ قىلىمەن.

ماتېرىيال مەنبەئى:

1. «دۆلەت مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» خىتاينىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرى تۈزۈپ چىققان كىتاب.

2. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «ھۆكۈمەت تور بەتلىرى».

3. (1996 ـ، 1997 ـ يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇرچە).

2005 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

# گۇەنتانامو تۈرمىسىگە يوللانغان مەكتۇپ

ۋەتەنداشلىرىم!

جاپا تارتتىڭلار! سىلەرنى ئامېرىكا خەلقى ساقلاپ قالدى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا ئارقا ـ ئارقىدىن تەلەپ قىلىشلىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەت قىلىندى. خاتا ۋاقىتتا، خاتا ماكاندا تۇرۇپ قالغان كىشىلەر دەپ، قارار قىلغان ئامېرىكا ھۆكۈمىتى سىلەرنى يەنە باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دۇنياغا خىتاي ھۆكۈمىتىدىن باشقا ھەرقانداق بىر دۆلەت سىلەرنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈرمىدى. ھەتتا، سىلەر قېرىنداشىمىز دەپ، ھېسابلايدىغان تۈركىيەمۇ سىلەرنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى.

سىلەر بىلگەندەك مۇستەقىل ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى رۇسىيە فېدېراتسىيىسى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى»نى ياساپ چىقىپ ئۇيغۇرلارنى دىنىي رادىكالىستلار، تېرروررىستلار، مىللىي بۆلگۈنچىلەر دەپ، ئاتىدى.

بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىزىستان «رەڭلىك ئىنقىلاب» ئارقىلىق 3 ـ ئايدا مەۋجۇت دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ دېموكراتىك قىرغىزىستان دۆلىتىنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى.

ئىلى ۋەقەسىگە قاتنىشىپ قېچىپ چىقىپ قازاقىستاندا سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرنى، 1998 ـ يىلى قازاقىستان ھۆكۈمىتى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. سابىق قىرغىزىستاننىڭ سابىق پرېزىدېنتى ئاقايېف ھۆكۈمىتى شۇ ۋاقىتقىچە 12 نەپەر ئۇيغۇرنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە رەھمىتۇللاھقا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆلۈم جازاسى بەردى.

ھازىرقى دۇنيادا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلدى. سىلەرنى گۇناھسىز دەپ جاكارلاشىمۇ شۇنداق كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ بىر تەرىپى بولۇپ قالدى. ئامېرىكا خەلقى ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كاندىلىزا رايىس خانىم خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتكەندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى مەنكى رابىيە قادىرنى 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى باجىياخۇ ئاياللار تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ كۈنى كەچتە ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدىم ۋە يورۇق دۇنياغا قايتا كۆز ئاچتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. رەھبەرلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى، ئۆزۈمنىڭ تۈرمە ھاياتىنى سۆزلەپ بەردىم. سىلەرنىڭ ئازاد بولىدىغانلىقىڭلارنى سۆزلەپ

ئۆتتۇم. بۇ توغرىدا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ پىكرىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىدىم.

ۋەتەنداشلىرىم!

غەرب دۇنياسىدا ھەرقانداق بىر دۆلەتنى تاللىۋېلىش ئىختىيارىڭلاردا بولسا، نورۋېگىيە، كانادا، شۋېتسىيە، شۋىتسارىيە ۋە فىنلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى تاللىۋالساڭلار بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر سىلەر ئۈچۈن تولىمۇ خەتەرلىك! مەن سىلەرگە تىلەكداشمەن، باشقا ئۇيغۇر قېرىنداشلارمۇ سىلەر ئۈچۈن تىلەكداشلىقىنى بىلدۈردى.

ئەگەر سىلەردە ھېسسىيات ۋە ئەقىل تولۇق بولىدىغان بولسا، خەلقئارا ۋەزىيەتتىن تولۇق خەۋەردار بولساڭلار، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئامېرىكا خەلقىگە رەھمەت ئېيتىڭلار!

رابىيە قادىر

2005 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋاشىنگتون

# ھۆرمەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە!

ھۆرمەتلىك ئادۋوكات ئەپەندى!

ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كىم، قايسى دۆلەت كۆڭۈل بۆلىدى؟ ئامېرىكا خەلقى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى كۆڭۈل بۆلىدى. گۇۋەنتانامودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جىنايىتى توغرىسىدا كىم ئادىل، ھەققانىي ھۆكۈم چىقاردى؟ ئامېرىكا خەلقى.

بۈگۈن بۇ كىشىلەرنىڭ قايتىپ كېتەلەيدىغان ۋەتىنى يوق، شۇڭا بىز ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، ئامېرىكا خەلقىنىڭ رەھىمدىللىق قىلىپ، بۇ كىشىلەرنىڭ جىنايىتى ئاقلانغاندىن كېيىن بۇ ئۇيغۇرلارنى بۇ دۆلەت ئامېرىكىدا ئېلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

1. بۇ كىشىلەر ئامېرىكىدا قالغاندا ئامېرىكىنىڭ ھەر تۈرلۈك قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىشى كېرەك.

2. بۇ كىشىلەر ئەسلى ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە داۋاملىق ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

3. مەن باش بولۇپ، ئامېرىكىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلار بۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرىمىز ۋە شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ھۆددىگە ئالىمىز. ئۇلارنى ياخشى

يېتەكلەپ كېتىمىز. گۇۋەنتانامو تۈرمىسىگە قامالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكىغا قويۇپ بېرىلىشىنى قارشى ئالىمىز.

هۆرمەت بىلەن: رابىيە قادىر

2005 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

# ھۆرمەتلىك نورۋېگىيە خەلقى

مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ نورۋېگىيەدە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان كىتابقا كىرىش سۆز يازماقچى بولدۇم.

بىرىنچى جۈملىنى قانداق باشلاش ۋە كىرىش سۆزۈمنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش توغرىسىدا كۆپ ئويلاندىم.

سۆزۈمنى «ھۆرمەتلىك نورۋېگىيە خەلقى» دەپ باشلاش قارارىغا كەلدىم.

يىراق تەكلىماكان قۇملۇقىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نامىدىن نورۋېگىيە خەلقىگە سالام يوللاشنى قارار قىلدىم.

مېنىڭ مىللىتىم ئۇيغۇر، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدە ياشايدۇ، بۇ ماكان خىتاي تىلىدا «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. تۈرك تىلىدا «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ماكان ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇيغۇرىستان» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇنان تارىخچىلىرىنىڭ قەلىمىدە ئەينى چاغدا سىرىس دۆلىتى (يىپەك دۆلىتى) دەپمۇ ئاتالغاندى.

ئۇيغۇرلار — ئۇيغۇر – ئوغۇز تىلىدا سۆزلىشىدۇ. قايسى مىللەت ھازىرقى دۇنيادا ئۆزىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى بىلەن پەخىرلەنمىگەن؟ بىراق، بۈگۈن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي ئەنئەنىسىدىن پەخىرلىنىش ھوقۇقىدىن تامامەن مەھرۇم بولدى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ھېسسىيات ئالەمىدە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى كەم بولدى. ئۆزىنىڭ مىللىي

مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، مىللەت خاراكتېرىنى تەربىيەلەشكە قادىر بولالمىغان بىر مىللەت قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ۋە مىللەت خاراكتېرىنى ساقلاپ قالالايدۇ؟

ئائىلە ئايالى ئىدىم. بالىلىرىمنى قانداق بېقىش قايغۇسى مېنى كېچە ـ كۈندۈز ئازابلاشقا باشلىدى. قايغۇرۇش، ئازابلىنىش شۇ چاغدا ماڭىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيەتىگە ئورتاق ئازاب ئىدى. ئۇيغۇرلار ئەمگەك قىلالايدۇ، نېمىشقا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ؟ ئۇيغۇرلار ئەقىللىق مىللەت بولۇپ تۇرۇقلۇق نېمىشقا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدىمەيدۇ؟ ئۆزۈمگە ئۆزۈم سوئال قويۇپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم قىيناشقا باشلىدىم.

ئىشنى كىرىمى ئاز ئېغىر ئەمگەك كىر يۇيۇشتىن باشلىدىم. كىرىمى ئاز ئىنچىكە ئەمگەك بالىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تىكىپ ساتتىم. كېيىن كەمچىل ماللارنى بىر يېزىدىن يەنە بىر يېزىغا، بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە يۆتكەپ ساتتىم. سودا ـ تىجارەتچى بولۇپ قالدىم. بىر مىللەت قەددىنى رۇسلىماقچى بولسا ئاۋۋال ئىقتىساد ساھەسىدە قەد كۆتۈرۈشى كېرەك ئىكەن، دەپ ئويلىدىم. مەن شۇنداق ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتىم. تۆرلۈك ھاقارەتكە ئۇچرىدىم، خىتاي ھۆكۈمىتى ھايانكەشلىك جىنايىتى ئارتىپ بېشىمغا قەغەز قالپاق كىيگۈزۈپ كوچىلاردا سازايى قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام

دىنىغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت ئەخلاق تەلەپلىرى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئاياللارنىڭ سودا ـ تىجارەت قىلىشىغا يول قويمايتتى. بىراق، ئادەم ئاۋۋال ياشىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ شۇڭا ئۇلارنىڭ قارشىلىقىغا بەرداشلىق بېرىشىم كېرەك بولدى. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا شۇنداق ئىرادە بار ئىدى.

1987 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بۇلاق بېشى كوچىسىدا «8 ـ مارت» ئاياللار بازىرىنى قۇرۇپ چىقتىم. بازىرىمدا 120 دۇكان بار ئىدى. ئىشسىز ئاياللارنى، ئوقۇشسىز قالغان ئۇيغۇر قىزلىرىنى مال ساتقۇچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردۇم. 1990 ـ يىلى سەككىز قەۋەتلىك سودا ـ تىجارەت بىناسىنى ئۆزەم تۇرغۇزۇپ «ئەقىدە سودا شىركىتى» نى قۇرۇپ چىقتىم. دۇكانلارنى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىگە ئىجارىگە بەردىم. 1993 ـ يىلى قازاقىستان، قىرغىزىستان دۆلەتلىرى بىلەن تاشقى سودا تىجارەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، قازاقىستاننىڭ تالدا قورغان ۋىلايىتىدە «مولچىلىق شىركىتى»نى قۇرۇپ چىقتىم. تاشقى سودا تىجارىتىم تازا راۋاجلانغان بىر يىلدا 1993 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى ماكرولۇق تەڭشەش ۋە مىكرولۇق تەڭشەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، بۇ سىياسەت بولۇپمۇ «شىنجاڭدا» قاتتىق ئېلىپ بېرىلدى. مېنىڭ شىركىتىمنىڭ سودا ـ تىجارىتىگە ۋە تاشقى سودا ـ تىجارىتىمگە ئېغىر زەربە ئېلىپ كەلدى. ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن تۈزۈلمىگەن بىر ئەلدە، بولۇپمۇ

مونوپولىيەلىك ئىقتىسادى سىياسىتى يۈرگۈزۈلىدىغان بىر ئەلدە، ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ پۇقرالارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى سىلەرگە مەلۇم. قازاقىستاننىڭ تاموژنا قانۇنى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تاموژنا قانۇنىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككى تەرەپ تاموژنا خادىملىرىنىڭ پارىخورلۇقى مېنىڭ تاشقى سودا ـ تىجارىتىمگە ئېغىر زىيان سالدى. مەسىلەن، قازاقىستان تاموژنىسىدا ئىشلەيدىغان كىشىلەرگە ھەر قېتىم «شىنجاڭ»دىن بىر ـ ئىككى سومكا كەمپۈت، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ چىقىشىم، يانچۇقىغا دوللار سېلىپ قويۇشۇم كېرەك بولدى. قازاقىستاندىن «شىنجاڭ» تەرەپكە ئۆتكەندە خىتاينىڭ تاموژنا خادىملىرىغا ئوخشاشلا قازاقىستاننىڭ كاستۇم، پەلتولىرىنى ھەدىيە قىلىشىم ۋە يانچۇقىغا دوللار سېلىپ قويۇشۇم كېرەك بولدى. ھوقۇقسىز مىللەتنىڭ سودا ـ تىجارەتچىلىرى پۇلغا تايىنىپ سودا ـ تىجارەت يولىنى ئاچمىسا بولمايتتى. سودا ـ تىجارىتىم زەربىگە ئۇچرىدى. روھى جەھەتتە بەرداشلىق بېرەلمىدىم، نورمال تىجارىتىم قانۇننىڭ كاپالىتىگە ئىگە بولالمىدى. جەمئىيەت ئەخلاقى، سودا ئەخلاقى تۆگىشىپ كەتتى. رابىيە قادىر ئەمدى ھوقۇققا دۇچ كەلگەن ئىدى. سودا ـ تىجارەت ۋە ئەركىن رىقابەت ئۈچۈن تەرتىپلىك جەمئىيەت ۋە ھوقۇق بولۇشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە 30 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرى نامايىش قىلىپ تىنچ يول بىلەن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى قىرغىن قىلدى. نامايىشچىلارنىڭ كۆپ قىسمى باللار ئىدى. بۇلار چېكىنگەندە خىتاينىڭ ھەربىيلىرى كەينى ـ كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈپ ئوق ئاتتى. نەق مەيداندا قىرغىن قىلىنغان ئۇيغۇرلار 407 نەپەر، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ئاران توققۇز كىشى ئۆلدى، دەپ جاكارلىدى.

مەن 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىلى شەھىرىگە يېتىپ كەلدىم. باللىرىنىڭ دەردىدە پۈچىلانغان ئاتا ـ ئانىلاردىن، يارىدار بولغان نامايىشچىلاردىن ھال سورىدىم. ئۇلارغا پۇل ـ پېچەك تارقىتىپ بەردىم. يىغا ـ زارىغا، ھەسرەت ـ نادامەتكە چىدىيالمىدىم. خىتاي ھۆكۈمىتى ماڭا ئىشەنمەيدىغان بولدى، سودا ـ تىجارىتىمگە تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارنى پەيدا قىلدى. 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مېنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىن قوغلاپ چىقاردى. 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «مىڭ ئانىلار شىركىتى» قۇرۇپ چىقتىم. ئائىلە ئاياللىرى، ئىشسىز ئاياللار، ئوقۇشسىز قالغان ياش قىزلار شۇ كۈنى زالغا جەم بولۇپ، 200 نەپەر ئايال «مىڭ ئانا شىركىتى»گە ئۆزلىرىنى تىزىملاتتى. 1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ

«مىلىڭ ئانا شىركىتى»نىڭ تاقالغانلىقىنى جاكارلىدى. «مىلىڭ ئانا شىركىتى» بىنورمال پائالىيەت ئېلىپ باردى، رەسمىيەتسىز پاي چېكى تارقاتتى، دەپ تۆھمەت چاپلىدى. لېكىن مەن نېمە جىنايەت سادىر قىلغىنىمنى بىلمەيتتىم. شۇنىڭغىچە پۈتۈن «شىنجاڭ»نىڭ جاي ـ جايلىرىدىن تېلېفون كېلىپ ئايالالار مەندىن ھال سورىدى، «مىلىڭ ئانا شىركىتى»گە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. مەن ئايالالار قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن تەشكىللىنىشى، ئائىلىدىن جەمئىيەتكە چىقىشى، ئەرلەرنىڭ قۇلىغا قاراپ قالماسلىقى لازىم، دەپ ئويلايتتىم. ئايالالار ئۆزىنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئۆزىنى بېقىشى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشى، ئايالالارنى كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇشى، جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى، مەدەنىيەتلىك ئائىلە باشقۇرۇشى، قىسقىسى ئايالالار ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. شۇ مەقسەتتە «مىلىڭ ئانىلار شىركىتى»نى قۇرۇپ چىققان ئىدىم. ئەپسۇسكى خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ شىركەتنى تاقىۋەتتى.

مېنىڭ ياخشى نىيەتلىرىم، بولۇپمۇ ئايالالارغا ياردەم قىلىش روھىم كىشىلەرنى تەسىرلەندۈردى. مېنىڭ شۇ دەرىجەدە غەلىبە قىلىشىمنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىپ قارىيالمايمەن. ئەمما، ھۆكۈمەت «مىلىڭ ئانىلار شىركىتى»نىڭ پائالىيىتىنى قوللىمىدى. توك بىلەن تەمىنلەشنى ئۈزۈپ قويدى، سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئۈزۈپ قويدى. سودا ـ تىجارىتىمگە

پاراكەندىچىلىك سالدى. ماڭا نىسبەتەن ئىېتقاندا بەرداشلىق بېرىشكە، توختىماي يوللۇق، قانۇنلۇق كۈرەش قىلىشقا توغرا كەلدى. ئاستا ـ ئاستا ھوقۇقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ يەنە نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە جۇرئەتلىك سىياسىي پائالىيەت قىلىپ شەخسنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداشنىڭ ۋە قولغا كەلتۈرۈشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم.

1998 ـ يىلى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا باشقىچە بىر يىل بولدى. ئۇيغۇرلار تەشكىللىك، پىلانلىق سىياسىي پائالىيەت قىلىشقا باشلىدى. كېيىن بۇنداق پائالىيەت قىلغۇچىلار (تېررورىستلار دەپ ئاتالدى) تاملارغا شوئار چاپلاشتى. جەمئىيەتكە تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقاتتى. ئەركىنلىك، دېموكراتىيە تەلەپ قىلىشتى. ئۇلار قانداق جاۋاب ئالدى؟ خىتاي ھۆكۈمىتى باستۇرۇش بىلەن جاۋاب بەردى. خېنەن، شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇردى.

1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، شۇ ئۆمەكنىڭ ئەزاسى كەرري دومباخ Carrie Dumbah خانىم ماڭا تېلېفون بېرىپ، ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن مېھمانخانىدا كۆرۈشمىز، دېدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قولۇمغا قەلەم

ئېلىپ ئۇن ماددىلىق «ئامېرىكا خەلقىگە مۇراجىئەت» يېزىپ چىقتىم. (خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى، مائارىپ ـ مەدەنىيەت سىياسىتى، خىتاي كۆچمەنلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياشاش ماكانىنىڭ تارايغانلىقى قاتارلىقلار) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە ئامېرىكا خەلقىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلدىم. بىراق، «مۇراجىئەتنامە»نى كونگىرىس ئەزالىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرالمىدىم. 11 ـ كۈنى كەچ سائەت ئالتىدە كونگىرىس ئەزالىرى چۈشكەن مېھمانخانىغا يېتىپ بارغاندا قولغا ئېلىندىم... قارشىلىق كۆرسەتتىم، قولغا ئېلىندىم، ئالتە يىللىق تۈرمە ھاياتىنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن. تۈرمىدە قاراڭغۇ ئۆيدە ئىككى يىل يالغۇز ياتتىم. ھەل قىلغۇچ ئىچكى پائالىيەتلەرگە تاياندىم، ھەل قىلغۇچ ئىچكى ھاياتلىققا تاياندىم... ئىچكى ھاياتلىق، تەرتىپسىز تەسەۋۋۇرلار ئىچىدە ئۆزۈمنى تونۇپ يەتتىم. مىللىتىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى تونۇپ يەتتىم. تۈرمىدە كۈنلەر ۋە تۈنلەرنى شۇنداق ئۆتكۈزدۈم.

مەن ئەسلىدە قاراملىق قىلغان ئىدىم. ماڭا، بۇنىڭدىن باشقا چارىمۇ يوق ئىدى. كۈرەش قىلىشلا كېرەك ئىدى. ھاياتنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرى، مىللىي خورلۇق، مىللىي ھاقارەتلەر نورمال جەمئىيەت تەرتىپلىرى قوبۇل قىلالايدىغان، ئىنساننىڭ نورمال ھاياتى بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چەكتىن ھالقىپ كەتكەندە

ئىنسان، ئىسيان كۆتۈرۈشكە يوللۇق ئىدى. مەن شۇنداق قىلدىم. مىللەتنىڭ ئار ـ نومۇسىنى كۈرەش ئارقىلىق ساقلاپ قېلىش كېرەك ئىدى. 2005 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئوغلۇم ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىم مېنى يوقلاپ تۈرمىگە كەلدى. ئانا، ـ دېدى ئوغلۇم:

ــ نورۋېگىيە «رافتو كىشىلىك هوقۇق فوندى جەمئىيەتى» سىزگە 2004 ـ يىللىق «رافتو مۇكاپاتى» بەردى...

دەسلەپتە چۈشىنەلمىدىم، ئاستا ـ ئاستا ئېسىمگە كەلدىم... ئىككى تامچە ياش مەڭزىمدىن ساقىپ كۆكسۈمگە چۈشتى. بۇ مېنىڭ سىلەرگە رەھمىتىم ئىدى، ـ نورۋېگىيە خەلقى! رەھمەت دېيىشكە جۈرئەتلىك بولسامۇ شۇ چاغدا رەھمەت دېيىش هوقۇقۇم يوق ئىدى. رافتو مۇكاپاتى ئۇيغۇرلارغا جۈرئەت، ئىشەنچ ئاتا قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىگە، دۇنيادا يېتىم، يالغۇز ئەمەسلىكىگە ئىشەنچ، ئىلھام ئاتا قىلدى. ئۇيغۇرلار بۇ كۈننى كېچە ـ كېچىلەپ تەبرىكلىدى.

نورۋېگىيە دېڭىز ساھىلىدىن تەكلىماكان قۇملۇقىغىچە جۇغراپىيەلىك مۇساپىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئەمما، نورۋېگىيە خەلقىنىڭ كۆڭلى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆڭلى ئوتتۇرىسىدا هېچقانداق پەرق يوق ئىكەن، ئارىلىق يوق ئىكەن ...

مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈن ئىپتىدائىي ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالدى. هازىرقى زامان بىلىملىرىدىن يىراقتا قالدى، ـ

دېسەم مىللىي زۇلۇمنى سەل ـ پەل كۆپتۈرۈۋەتكەندەك تۇيۇلارمۇ سىلەرگە؟

بۇ خەلق 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىدە مۇستەقىللىق جاكارلىغان ئىدى. ستالىن بۇ دۆلەتنى باستۇردى. بۇ خەلق 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە مۇستەقىللىق جاكارلىغان خەلق ئىدى. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا خىتاي بىلەن رۇسىيە «موسكۋا شەرتنامەسى»نى ئىمزالاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلدى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ دۆلەتكە قوراللىق تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ستالىن باشلاپ كىرگەن ئىدى. بۈگۈن ئۇيغۇرلار ھوقۇقسىز، كىشىلىك ھوقۇققا موھتاج بولۇپ قالدى. خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئالدىدا ئۇيغۇرلار ئېتنىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماسلىق مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. خىتاي تىلى مائارىپى ئالدىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپى ــ مەدەنىيىتى تەرەققىيات ياكى چېكىنىش كىرىزىسىگە دۇچ كەلدى. خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرلار ھاياتلىق ماكانىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ساقلاپ قالالماسلىق مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگىكى قۇللارنىڭ ئەمگىكىگە ئايلىنىپ قالدى.

جەمئىيەتتە مۇستەملىكە جەمئىيەت مۇناسىۋەتلىرى بىر كۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، كىشىلىك ھوقۇقتا ئىپرىشكىلى بولمايدۇ. بىر جەمئىيەتتە ئادەملەر غەيرىي ئادەمىيلىك مۇناسىۋەتلىرىدىن (قۇل قىلىش، ئېزىش، كەمسىتىش) قۇتۇلالمايدىكەن، ئازاد بولالمايدىكەن، ھەقىقىي مەنىدە كىشىلىك ھوقۇقتىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ.

ھۆرمەتلىك نورۋېگىيە خەلقى! بىر قۇياش ئاستىدا ئالىقاندەك يەر شارىدا بىرگە ياشايمىز، ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈن سىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق بويىچە ياردەم بېرىشىڭلارغا موھتاج. يەر شارى ھازىرغىچە ئۆز باغرىدىن بىر تال قۇمنىمۇ تاشلىۋەتمىگەن. ئىنسانلارمۇ گەرچە مەدەنىيەتلەردە پەرق بولسىمۇ، بىر - بىرىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدىكەن. غەرب دۇنياسىغا خاس مۇنداق ئەخلاققا، شۇنداق ھەقىقەتكە مەن بۈگۈن تولۇق ئىشەندىم. ئامېرىكا خەلقىنىڭ بېسىمى ۋە نورۋېگىيە خەلقىنىڭ بېسىمى، كەچۈرۈم تەشكىلاتى، كۆزەتكۈچى تەشكىلاتى، رافتو فوندى جەمئىيەتى ۋە دىئالوگ فوندى جەمئىيەتنىڭ ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق مەن خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولۇپ، 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋاشىنگتون شەھىرىگە يېتىپ كەلدىم.

ئاق كۆڭۈل دۇنيا ئاڭلا! مەن 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋاشىنگتوندا قايتا تۇغۇلدۇم...

2005 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

ۋاشىنگتون - رابىيە قادىر

# هۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى!

رۇسىيە ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر مۇستەقىللىق جاكارلىغاندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ كونتروللۇقىدىكى «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) دا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار تەبىئىي ھالدا سىياسىي جەھەتتە ئويغىنىشقا باشلىدى. بۇنداق ئويغىنىشنىڭ سىياسىي، تارىخىي ئاساسى بار ئىدى.

مەسىلەن، ئۇيغۇرلار 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قىسقىغىنا ئون يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇردى، مۇستەقىللىق جاكارلىدى. بۇ مىللەت ئۇيغۇرلار شۇ دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ سىياسىي مىللەت ئىكەنلىكىنى قوراللىق ئىنقىلاب ۋە سىياسىي ئەمەلىيەتى ئارقىلىق تولۇق ۋە تەلتۆكۈس ئىسپاتلىغان ئىدى. بىراق، ستالىن بۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمىدى. شۇڭا، رۇسىيە ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىش دەۋرىگە كىرگەن پەيتلەردە 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) نىڭ بارىن يېزىسىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) نىڭ خوتەن ۋىلايىتى، خوتەن شەھىرىدە دىنىي تەقۋادارلار نامايىش قىلىپ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى تەلەپ قىلدى. 1997 ـ يىلى

ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتى، غۇلجا شەھىرىدە 30 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر نامايىش قىلىپ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، سۆز ـ مەتبۇئات ئەركىنلىكى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلدى. تىنچ يول بىلەن قىلىنغان نامايىش خىتاي ئارمىيەسى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. 407 نەپەر ئۇيغۇر نامايىشچى نامايىش جەريانىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەپ تەنقىد قىلغان بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارنى ھەر جەھەتتىن كونترول قىلىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلارنى قولغا ئېلىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ۋەھىمە پەيدا قىلغاندا قانداق خەلقئارا ئاساسلارغا تاياندى؟

1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى رۇسىيە فېدىراتسىيەسى ۋە خىتاي ھۆكۈمەتلىرى بىرلىشىپ، يېڭى مۇستەقىل بولغان قازاقىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى يېنىغا تارتىپ، خىتاينىڭ شاڭخەي شەھىرىدە «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى»نى قۇرۇپ چىقىپ، دىپلوماتىيە، سىياسىي ۋە باشقا جەھەتلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارغا بېسىم پەيدا قىلىپ، بۇ دۆلەتلەر خىتاي كوممۇنىست

مۇستەملىكەچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلارنى، كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى.

مەسىلەن، 1999 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خەمىت مەمەت قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرنى قازاقىستان ھۆكۈمىتى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، 1998 ـ، 1999 ـ يىللىرى ئىككى يىل ئىچىدە جەمئىي 22 نەپەر ئۇيغۇر، قازاقىستاندىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. قازاقىستان ھۆكۈمىتى ھەتتا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشىگىمۇ پىسەنت قىلمىدى.

1999 ـ يىلى 1ـ ئايدىن باشلاپ، بەش نەپەر ئۇيغۇرنى قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئۆمەر قارىم باشلىق ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر 1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۆزبېكىستاندىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. بۇ كىشىلەر يۇقىرىقى دۆلەتلەردە جەمئىيەت تەرتىپىگە ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان پەقەت سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلغان كىشىلەر ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى كىشىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلدى؟ ھازىرغىچە بىزگە ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىمۇ، تىرىكىمۇ نامەلۇم.

2004 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خىتاي باشلىقى ۋاڭ لېچۈەن شۇ يىلى 1 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە 22 سىياسىي

تەشكىلاتتىن 55 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى[1]. ئەمما، شۇ يىلى (2004 ـ يىلى) ئۇيغۇرىستاندا، خىتاي مۇستەملىكەچىلىرىگە قارشى قوراللىق ھەرىكەتمۇ ياكى تېررورىزملىق ھەرىكەتمۇ بولمىغان ئىدى. ئۇنداقتا، خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى 55 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەندە زادى قانداق جىنايەتكە ئاساسلاندى؟

بۈگۈن خىتاي كوممۇنىزمى ھازىرقى دۇنيادا جۇملىدىن ئاسىيادا ئېشىپ قالغان سىياسىي تۈزۈمنىڭ بىر خىلى. گەرچە خىتاينىڭ ئىقتىسادى كاپىتالىزم دەۋرىگە كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن خىتاينىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتى كوممۇنىزملىق سىياسىي تۈزۈمنىڭ بىۋاستە ئىنكاسى بولۇپ كەلمەكتە.

ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خىتاي كوممۇنىست ئارمىيەسى «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) نى ھەربىي ئىگىلىگەندىن كېيىن تاكى بۈگۈنگىچە ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى بىر كۈن توختاتمىدى. ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، خەلق كوممۇنىسى، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى دەيدىغان سىياسىي ھەرىكەتلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەشكىللەپ ئۇيغۇرلارغا روھى، مەنىۋى جەھەتتە تېررورىزملىق سىياسەت يۈرگۈزگەندىن

[1] «دۇنيا گېزىتى» خىتايچە نەشرى 2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

باشقا، جىسمانىي جەھەتتە قولغا ئېلىش، مۇددەتلىك، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش، ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئارقىلىق، بىر نۆۋەتتە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا زەربە بەرگەن بولسا، يەنە بىر نۆۋەتتە دىنىي ئەربابلارغا زەربە بەردى. يەنە بىر نۆۋەتتە پۇلدارلارغا، باي ئۇيغۇرلارغا زەربە بەردى.

تەپتارتىشنى بىلمەيدىغان خىتاي مۇستەملىكەچىلەر ھۆكۈمىتى يەنە 100 كۈنلۈك زەربە بېرىش، ئۈچ ئايلىق زەربە بېرىش، قاتتىق زەربە بېرىش دەيدىغان، قانۇننىڭ تېشىدا يۇقىرى بېسىملىق سىياسەتنى يولغا قويۇپ كەلدى. بۇنداق زوراۋانلىق ئالدىدا ئۇيغۇرلار ياكى ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى ياكى باشقا نەرسە ئىكەنلىكىمىزنى پەرق ئېتەلمىدۇق.

ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى

بۈگۈن ئۇيغۇرلار خىتاي مۇستەملىكەچى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرخىل زوراۋانلىقىغا، ھەر خىل تەھدىتلىرىگە، جۈملىدىن مەدەنىيەت، سىياسەت، ئىجتىمائىي، ئېكولوگىيە ۋەيرانچىلىقى ۋە باشقا ساھەلەردە، ئۇيغۇرلار خىتاي مىللىتىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى.

1. ئۇيغۇرلار خىتاي مۇستەملىكەچى ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى.

2. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلىگەنلىكتىن ئۇيغۇر جەمئىيەتى ئەخلاق كرىزىسىگە دۇچ كەلدى. خىرويىنكەشلىك

ئەۋج ئالدى. ئەيدىز كېسىلى داۋالاشقا ئېرىشەلمىدى. تۇسالغۇسىز يۇقۇملىنىشقا باشلىدى.

3. خىتاي تىلىنى ئۆگىنىش 2003 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ مەجبۇرى يولغا قويۇلۇپ ئۇيغۇر مائارىپى چېكىنىشكە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يوقىلىشقا دۇچ كەلدى.

4. خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇيغۇرىستانغا ئۇزلۇكسىز، توختىماي كۆچۈپ كىرگەنلىكتىن ئاھالە بىلەن يەر ۋە مۇھىتنىڭ مۇناسىۋەتى جىددىيلىشىپ، ئۇيغۇرىستاننىڭ ئېكولوگىيەسى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. خىتاي كۆچمەنلىرى يەر ئاستىدىن سۇ تارتىپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقتىن يەر ئاستى سۇيى 50 مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتتى[1].

5. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرىستاندا قانۇنسىز ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ھەربىيلەرنىڭ بارلىق خىراجىتى ئۇيغۇر خەلقىگە يۈكلەنگەنلىكتىن ئۇيغۇر خەلقى نامراتلىشىپ، يېزىلاردىن تارتىپ ناھىيەلەرگىچە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قەرزدار بولۇپ قالدى. بۇ خىل قەرزدارلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرىغا ئىگە بولالمىغان ياكى ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققىگە ئۆزلىرى ئىگە بولالمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى قەرزدارلىق ئىدى. شۇڭا دۇنيا بانكىسىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىغا ئاساسلانغاندا بىر نەپەر ئۇيغۇر دېھقان بىر ئايدا بىر دوللار پۇل خەجلىيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

[1] «تەڭرىتاغ تور بېتى» 2005 ـ يىلى 2 ـ ئاي

6. 2001 ـ يىلىدىن باشلاپ خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشتىن پايدىلانغان خىتاي مۇستەملىكەچىلەر هۆكۈمىتى يەرلىك مىللەتچىلىك، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي رادىكالىست، تېررورىست ئۇقۇملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ياساپ چىقىپ ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلارنى باستۇردى.

مەسىلەن، رۇسىيە ۋە خىتاي دۆلەت باشلىقلىرى 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى A P E C خەلقئارا يىغىنغا قاتناشقاندا، چېچەنلەر ۋە ئۇيغۇرلارغا تېررورىست دەپ، زەربە بېرىش بويىچە ئورتاق تونۇشقا كەلگەن ئىدى. خىتاي هۆكۈمىتى هازىرغىچە شۇنداق سىياسەتكە ئاساسلىنىپ ئۇيغۇرلارغا زەربە بېرىپ كېلىۋاتىدۇ.

پىكىر ۋە تەلەپلىرىمىز:

1. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى تۆۋەندىكى پىكرىمىزنى ئويلىشىپ كۆرۈپ ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇر كومىتېتى قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەسكەرتىش: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا تەيۋەن كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىدىن تولۇق خەۋەردارمىز. شۇڭا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇر كومىتېتى قۇرۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز.

2. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدا ئاللىبۇرۇن موڭغۇل ـ تىبەت كومىتېتى قۇرۇلغان ئىدى. شۇڭا

بۈگۈنگىچە خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ مۇستەملىكەسى تىبەتتە بىر نەپەر سىياسىي مەھبۇسقىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىلمىدى ۋە تىبەتتە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىمۇ يولغا قويالمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش خىتاي مۇستەملىكەچىلىرىنىڭ كۈندىلىك سىياسىتىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئۇيغۇرلارغا نېمە چارە بار؟ بۈگۈن ئۇيغۇرلار ئامېرىكىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىدىن ياردەم تەلەپ قىلىمىز، خالاس.

ئۇيغۇرلار شۇنداق ئويلايمىز: مۇبادا يۇقىرىقى تەلەپ ـ پىكىرلىرىمىزگە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئىجابىي جاۋاب قايتۇرىدىغانلا بولسا، خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى ھۆكۈمىتى:

1. ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە قولغا ئېلىشنى توختاتقان بولاتتى؛

2. ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارغا خالىغانچە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى توختاتقان بولاتتى؛

3. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى پىلانلىق ئۆلتۈرۈشنى توختاتقان بولاتتى؛

4. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلىمىگەن بولاتتى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيەتىنىڭ ئەخلاقىمۇ ئەسلىگە كەلگەن بولاتتى.

ھۆرمەتلىك ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى:

ئۇيغۇرلار دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ، ئۇيغۇرلار ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئامېرىكا دۆلەت

مەجلىسنىڭ ئۇيغۇرلارغا بىر ئېتنىك مىللەت قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

رەھمەت سىلەرگە ـ رابىيە قادىر

2005 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

# سابىق پرېزىدېنت بىل كلىنتونغا يېزىلغان خەت

جانابىڭىز ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشقا تەييارلىنىپسىز. تەبرىكلەيمەن. ئۇيغۇر خەلقى سىزنى قارشى ئېلىشقا تەييار ئىدى. بىراق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىزنى قارشى ئېلىش هوقۇقى يوق، هوقۇقسىز مىللەتتۇر. ئۈرۈمچىدە سىزنى كىم قارشى ئالىدۇ؟ سەندۇڭدىن، خۇنەندىن كۆچۈپ كەلگەن خىتاي كۆچمەنلىرى قارشى ئالىدىكەن.

«خۇالىڭ شىركىتى» جانابىڭىزنى ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. بۇ شىركەتنى كىملەر قۇرغان ئىدى؟ «شىنجاڭ»نىڭ هازىرقى گوبېرناتۇرى ۋاڭ لېچۇەننىڭ ئوغلى ۋاڭ شىنبو، «شىنجاڭ»نىڭ سابىق گوبېرناتورى ۋاڭ ئېن ماۋنىڭ ئوغلى ۋاڭ بىلەي، ئۈرۈمچى شەهىرىنىڭ شەهەر باشلىقى جاڭگوۋىرنىڭ ئايالى ئۈچ نەپەر كىشى بىرلىشىپ قۇرۇپ چىققان خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شىركىتى «خۇالىڭ شىركىتى»نىڭ باشلىقلىرى بۈگۈن جانابىڭىزنى ئۈرۈمچىدە قارشى ئالىدىكەن.

1980 ـ يىلى ئامېرىكا خەلقى جۇڭگوغا سودىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، بۇ سىياسەتتىن ناهايىتى ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلارمۇ بەهرىمەن بولغان ئىدى. شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىرسى رابىيە قادىر، 1999 ـ يىلى جانابىڭىز ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان يىللاردا، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن

ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، سەككىز يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن.

شۇ رابىيە قادىر بۇگۈن ئامېرىكىدا ــ ۋاشىنگتوندا سىزگە چىن قەلبىدىن سالام يوللايدۇ ۋە ئۇرۇمچىنى زىيارەت قىلىشىڭىزنى چىن قەلبىدىن قارشى ئالىدۇ.

ھۆرمەتلىك سابىق پرېزىدېنت كلىنتون سىزنى ئۇيغۇرلار ئۇرۇمچىدە قارشى ئېلىشى كېرەك ئىدى. سىزنىڭ ۋە ئامېرىكىلىق مېھمانلارنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىگە ئۇيغۇر خەلقى پاياندار سېلىشى كېرەك ئىدى، ياكى رابىيە قادىر قۇرۇپ چىققان «ئەقىدە شىركىتى»نىڭ رەھبەرلىرى ئالدىڭىزغا چىقىپ قارشى ئېلىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، رابىيە قادىرنىڭ شىركىتى ــ «ئەقىدە شىركىتى»نىڭ دىرېكتورى ئايشەم كېرەم ھازىر تۈرمىدە، «ئەقىدە شىركىتى» نىڭ كاتىپى مۇھەممەت روزى ھازىر تۈرمىدە. بۇلار بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قولغا ئېلىندى. ئەمما، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ «خۇالىڭ شىركىتى»نىڭ باشلىقلىرى جانابىڭىزنى ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ.

خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ياخشى ئىش، خەلقئارا ئىقتىسادى ھەمكارلىقمۇ ياخشى ئىش، ئەلۋەتتە. بىراق، يەرلىك مىللەت ئۇيغۇرلارمۇ خەلقئارا ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ سىرتىدا قالماسلىقى لازىم. ئۇيغۇرلارمۇ ئىقتىسادى، ماددىي بايلىق

يارىتىش پائالىيەتلىرىگە خۇددى خىتايلارغا ئوخشاش ئاكتىپ ۋە تەڭ ھوقۇقلۇق قاتنىشىشى كېرەك. مەسىلەن: خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ «خۇالىڭ شىركىتى» ئۈرۈمچىدە قۇرۇلۇپ، ئامېرىكىنىڭ شىركەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ خەلقئارا سودا قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەندە، ئۇيغۇر رابىيە قادىر قۇرۇپ چىققان «ئەقىدە شىركىتى»نىڭ خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىشى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ۋە بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىيات ھوقۇقى نېمە؟ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى نېمە؟ دېگەن سوئالنى قويماي تۇرالمايمىز.

ھۆرمەتلىك سابىق پرېزىدېنت كىلىنتون

سىز ۋەزىپە ئۆتىگەن يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلگەن ئىدىڭىز. ھازىر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكا كونگرېسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا جىددىي كۆڭۈل بۆلمەكتە. سىزنىڭمۇ يەنە داۋاملىق ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلىشىڭىز مۇناسىۋەتى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنى تەبرىكلەيمەن. ئۇيغۇر خەلقىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. ئۈرۈمچى سەپىرىڭىز مۇناسىۋەتى بىلەن خۇشال بولغان كۆڭۈلدە مەن ئامېرىكا خەلقىنى ھەم تەبرىكلەيمەن.

رابىيە قادىر

2005 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

# ئامېرىكا كونگرېسى خىتاي كومىتېتىغا

ئۇيغۇرلارنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە تۆۋەندىكىچە:

1. مائارىپ ــ مەدەنىيەتنى خىتايلاشتۇرۇش مەسىلىسى.

2. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ئاقىۋەتلەر.

3. خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا توختىماي كۆچۈپ كىرىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ماكانىنىڭ تارايغانلىقى.

4. ئۇيغۇر سىياسىي مەهبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش مەسىلىسى.

5. كانادا، تۈركىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە سىياسىي پاناهلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بالا ــ چاقىسىنىڭ پاسپورتىنى تارتىۋېلىپ، بىر ئائىلىنىڭ جەم بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقى.

6. ئۇيغۇرلارنىڭ نامراتلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇيغۇرىستاندا قانۇنسىز ئەسكەر تۇرغۇزۇش مەسىلىسى ۋە كۆپلەپ ئەسكەر يۆتكەپ كېلىۋاتقانلىقى.

7. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى مەسىلىسى.

يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلىمەن.

رابىيە قادىر

2005 ــ يىلى 9 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى

# هۆرمەتلىك نامايىشچىلار!

مەن خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولۇپ ئامېرىكىغا كەلدىم. ئاۋۋال ئامېرىكا خەلقىگە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتلىرىغا رەھمەت ئېيتىشقا رۇخسەت قىلىڭلار.

خىتاي كوممۇنىستلار هۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك هوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشنى جىددىيلەشتۈرمەكتە. قولغا ئېلىش، ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى جىددىيلەشتۈرمەكتە. خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتى، خىتاي كوممۇنىستلار هۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە، بىرقانچە قېتىم قارشى تۇرۇش مەيدانىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، جۇڭگو هۆكۈمىتى سىياسىي مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى بۇگۈنگىچە توختاتمىدى. ئۆتكەن يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «شىنجاڭ» هۆكۈمىتىنىڭ كاتتىۋېشى ۋاڭ لېچۈەن، 22 سىياسىي تەشكىلاتتىن 55 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى.

مەن ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن خىتاي هۆكۈمىتى مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ ئىشخانىسىغا ـ «ئەقىدە شىركىتى»گە 300 نەپەر قوراللىق ساقچى ئەۋەتىپ هۇجۇم قىلدى. شىركەتنىڭ بارلىق ماتېرىياللىرىنى بولاپ چىقىپ كەتتى. ۋاڭ لېچۈەن 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، يالغان ـ ياۋىداق، سۆز ـ ئىبارىلەر ئارقىلىق

«ئەقىدە شىركىتى»گە بوھتان چاپلاپ، مىڭلىغان ئامېرىكىدىكى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىگە زەربە بەرمەكچى بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خىتاي كومموۇنىست ھۆكۈمىتى قوراللىق ساقچى قىسىملارنى ئەۋەتىپ، ئىككى بالامنى قورشىۋالدى. ئىشخانىدا سوراق قىلدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھازىر «شىنجاڭ»دا كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ياخشىلىغىنى يوق. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئىشلەمچى يېزىسىدا رادىئو ئاڭلاۋاتقان 50 نەپەر دېھقان ياشلىرىنى قولغا ئالدى. ۋاڭ لېچۇەن يەنە شۇ ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقيار يېزىسىدا ئون نەپەر ئاتالمىش تېررورىستنى قولغا ئالغانلىقىنى جاكارلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بەيگى مەيدانى ئاھالىلەر رايونىدىن 20 نەپەر كىشىنى قولغا ئالدى. بۇلار كىملەر، نېمە جىنايەت سادىر قىلدى؟ ئىسىم ـ فامىلىسىنىمۇ بىلمەيمىز.

1. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى توختىتىشى كېرەك.

2. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى سەۋەبسىز قولغا ئېلىشنى توختىتىشى كېرەك.

3. خىتاي ھۆكۈمىتى جىنايەتچىلەرگە تەن جازاسى بېرىشنى توختىتىشى كېرەك.

4. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى بىكار قىلىشى لازىم.

5. خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا توختىماي كۆچۈپ كىرىشىنى توختىتىشى كېرەك.

6. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك.

7. چەت ئەللەردە سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بالا ـ چاقىسىنىڭ پاسپورتىنى قولىغا بېرىپ، بىر ئائىلىنىڭ جەم بولۇشىغا يول قويۇشى كېرەك.

8. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. مەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پوپۇزىسى ۋە تەھدىتىدىن قورقمايمەن. يەنە داۋاملىق خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە دېموكراتىك ئەللەر خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىمەن.

رابىيە قادىر

2005 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

# ھۆرمەتلىك ياپونىيە كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى

ھۆرمەتلىك ياپونىيە خەلقى

ھۆرمەتلىك ياپونىيە ھۆكۈمىتى

مەن بۈگۈن دۇنيانىڭ قاراڭغۇ بۇرجىكى ــ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر بۇرجىكىدە تاشلىنىپ قالغان بىر مىللەت ــ ئۇيغۇرلارنىڭ، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىدىن دوكلات بېرىمەن.

ئۇيغۇرلار خىتاي تىلىدا يېقىندىن بېرى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، تارىختا ئۇيغۇرىستان ياكى شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىلىپ كەلگەن 1 مىليون 9 يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق بىر زېمىندا ياشايدۇ. ئۇيغۇرلار ئوغۇز قارلۇق تىلىدا سۆزلىشىدۇ. 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «ۋاشىنگتون پوست گېزىتى» ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 20 مىليون دەپ ئېلان قىلدى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ستالىن باشلاپ كەلگەن خىتاينىڭ قىزىل ئارمىيەسى ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا 57 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا، 50 ـ يىللاردا ئۇيغۇرنىڭ پۇلدار ـ بايلىرىنى يوقاتتى، 60 ـ يىللاردا مەسجىدلەرنى، قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈردى. مىللەتچى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا زەربە بەردى، باستۇردى. 80 ـ

يىللاردا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىجرا قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ئېتنىك تازىلاشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، خىتاينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا زور نەتىجەلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەسىلەن: خىتاينىڭ «شىنخۇا ئاگېنتلىقى» 2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مۇنداق خەۋەر تارقاتتى:

ئىگىلىنىشچە نەچچە يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە زور نەتىجەلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلدى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا 3 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئاز تۇغۇلغان. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1975 ـ يىلدىكى 36%.24 تىن، 2004 ـ يىلدىكى 91%.10 غا، تۇغۇلۇش نىسبىتى 1975 ـ يىلدىكى 33.%10 تىن 2004 ـ يىلدىكى 16% گە تۆۋەنلىگەن.

ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، خانىملار!

1 مىليارد ئۈچ يۈز مىليون خىتاينى ئۆز باغرىغا سىغدۇرالىغان يەر شارى 20 مىليون ئۇيغۇرنى ئۆز باغرىغا سىغدۇرالمىدىمۇ؟ خىتاي ھۆكۈمىتى نېمىشقا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ ئۇيغۇرلارنى پىلانلىق ئۆلتۈردى، خىتاي ھۆكۈمىتى نېمىشقا خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئۇيغۇرىستانغا توختىماي يۆتكەپ كەلدى. مىللىي، ئېتنىك يوقىتىش ئەمەسمۇ، بۇ؟!

مىلادى 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا يېتىپ كەلگەندە، قىزىل كىرىمىل ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى، ئۇيغۇرلارغا قوشنا قازاقلار، قىرغىزلار، تاجىكلار، ئۆزبېكلەر، تۈركمەنلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كەلگەن، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەملىك نامايىش قىلىپ، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى. خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنى ئىشقا سېلىپ نامايىشنى دەھشەتلىك باستۇردى. نيۇ يورك شەھىرىدە خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «دۇنيا گېزىتى» شۇ ۋاقىتتىكى باستۇرۇشنى قايتا ئەسلەپ 2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى:

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇيغۇرلار ئىلى شەھىرىدە مۇستەقىللىق ئىنقىلابىي قوزغاپ نامايىش قىلغاندا باستۇرۇلدى. 407 نەپەر ئۇيغۇر نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. نامايىشتىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، تۈرمىلەردە ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى سەككىز مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 61 مىڭ كىشى قولغا ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 11 مىڭ كىشىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى.

2001 ـ يىلى يەر شارىدا تېررورىستلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىپ، ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن، خىتاي «شىنجاڭ» دا خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى دىنىي رادىكالىست، تېررورىست دەيدىغان جىنايەتلەرنى قانۇندىن تاشقىرى سىياسەت ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇپ ئۇيغۇرلارنى باستۇردى. مەسىلەن، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستانغا مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا 2004 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە، 22 سىياسىي تەشكىلاتتىن قولغا ئېلىنغان 55 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر! خانىملار!

2001 ـ يىلى ئامېرىكا باشچىلىقىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن ئافغانىستانغا چېگرالىنىدىغان «شىنجاڭ» يەنى ئۇيغۇرىستان، ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئەنسىرىگەن خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى، قورال تۇتالايدىغان، ئۇرۇش قىلالايدىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى، ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلارنى 2002 ـ يىللاردىن باشلاپ خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىشكە باشلىدى. مەن تۆۋەندە دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى،

پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى مەسىلىسى، ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلار مەسىلىسى، ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىش مەسىلىسى، ئۆلۈم جازاسى بېرىش مەسىلىسى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر مائارىپى مەسىلىسى، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كۆچۈپ كېلىش مەسىلىسى بويىچە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن:

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مۇنداق ئاڭلاتتى:

خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ 177 نەپەر كادىرى تۇرپاندا، 264 نەپەر دېھقان ئائىلىسىگە كىرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا دېھقانلارغا مەخسۇس تەربىيە ئىشلىدى.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يەنە مۇنداق ئاڭلاتتى:

«شىنخۇا ئاگېنتلىقى»نىڭ 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاڭلاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدە 2300 گېكتار بوز يەر ئېچىشنى پىلانلىدى. (خىتاينىڭ يەر ئۆلچەش بىرلىكى بىلەن ھېسابلىغاندا 23 مىليون موغا باراۋەر) تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بىڭتۇەندە ئىشلەيدىغان بىر خىتاي مۇنداق دېدى:

بۇ مەسىلىدە تارىم دەرياسىغا تايىنىمىز، ھازىر سۇ يېتىشمەسلىك مەسىلىسى جىددىي، شۇڭا يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى قوللىنىلىۋاتىدۇ.

ئەسكەرتىش: خىتاي كۆچمەنلىرى سۇ مەسىلىسى جىددىي بولۇۋاتقان ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كېلىۋەرسە، يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا تۇتۇنغان بولسا، شۇنداق قىلىپ يەر ئاستى سۈيى تارتىلىپ كەتسە، يەر ئۈستىدىكى ئۆسۈملۈكلەر قۇرۇپ كەتسە بۇ ئەھۋال تەبىئەتكە بىر ئاپەت ئەمەسمۇ؟

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مۇنداق ئاڭلاتتى:

قىزىلسۇ ئوبلاستىدا جەمئىي 3092 نەپەر دېھقان ئائىلىسى بىرلا پەرزەنتلىك بولۇشقا مەجبۇرلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدە خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ئۆتكەن يىلى ـ 2006 ـ يىلى بىر يىلدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق 300 مىڭ ئۇيغۇر بوۋاقنىڭ ئاز تۇغۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

ئەسكەرتىش: ئۇيغۇر خەلقى يەر شارىدىن يوقىلىپ تۈگەپ كېتىشنى خالىمايتتى، مەن پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مۇنداق ئاڭلاتتى:

ئۇيغۇر ۋەتىنىدە ھۆكۈمەت ئاخباراتلىرىدىن ئاشكارىلىنىشىچە خىتاي دائىرىلىرى 2007 ـ يىلىدا ئۇيغۇر ۋەتىنىدىن يەنە 100 مىڭ نەپەر نامرات دېھقاننى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بېكىتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ رادىئوغا ئىنكاس قىلىشىچە ۋە رادىئو مۇخبىرلىرىنىڭ قەشقەر، خوتەن، ئىلى قاتارلىق جايلارنىڭ ناھىيە يېزىلىرىدىن ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى 2006 ـ يىلىدىن باشلاپ «نامراتلارنى يۆلەش»دېگەن باھانە بىلەن ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ، 18 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان ئۇيغۇر قىزلىرى توي قىلمىغان بولۇش، چىرايلىق بولۇش دېگەندەك شەرتلەر بىلەن خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە تۈركۈملەپ ئېلىپ كېتىلدى.

2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق ئاڭلاتتى:

خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستان ئىسلامى ھەرىكىتى ئەزاسى دەپ ئەيىبلەنگەن ئىسمائىل سەمەتكە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى 8 ـ فېۋرال كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا ئىجرا قىلىندى. ئۇيغۇر پائالىيەتچىسى ئىسمائىل سەمەت 2003 ـ يىلى پاكىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن.

2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق خەۋەر قىلدى:

«شىنجاڭ» خەۋەر تورىنىڭ يېقىندا بەرگەن ئۇچۇرىدا، تۇرپان ۋىلايىتى پىچان ناھىيەسىدىن 167 نەپەر ئۇيغۇر قىزنىڭ خىتاينىڭ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خەيىەن ناھىيەسىگە كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىغا ئەۋەتىلگەنلىكى خەۋەر قىلىنىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى خىتاي ئاخبارات ۋاسىتىلىرى يەنە پەيزاۋات قاتارلىق ناھىيەلەردىن مەخسۇس ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئىچكىرىدىكى خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، ئۆتكەن يىلى پەيزاۋاتتىن بىر قېتىمدىلا 400 نەپەر قىزنىڭ ئارقىدىن يەنە 200 نەپەر قىزنىڭ ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلغان ئىدى. مۇخبىرنىڭ تېلېفونىغا جاۋاب بەرگەن پىچان ناھىيەلىك پويىز ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ گۈيتىڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بىزنىڭ پىچان ناھىيەمىزدىن دەسلەپ 68 ئادەم، كېيىنكى قېتىمدا 178 ئادەم ئىچكىرىگە ئەۋەتىلدى. ئاساسلىقى يېزىلاردىكى ئاياللار 95% ئاياللار ئۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر.

2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق ئاڭلاتتى:

يېقىندا ناھەقچىلىككە چىدىمىغان بىر دېھقان رادىئوغا تېلېفون بەرگەن. 2003 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يوپۇرغا ناھىيە تېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تاختىسىغا خەت چاپلاش

ۋەقەسى يۈز بەرگەن. ساقچىلار بۇ ۋەقەنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك دېلوسى دەپ بېكىتىپ، خەت يازالايدىغان، دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك 1000 غا يېقىن دېھقاننى تۇتۇپ تۈرمىگە سولىغاندىن كېيىن، ھەر كۈنگە 35 يۈەندىن جەرىمانە ئالغان. مۇخبىر ساقچى ئىدارىسىغا تېلېفون قىلىپ، ۋەقەنى سۈرۈشتۈرگەندە دەسلەپتە بۆلگۈنچىلىك ۋەقەسى دەپ ئېتىراپ قىلغان خىتاي ساقچى، مۇخبىرنىڭ ئامېرىكىدىن تېلېفون قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن مۇنداق ئىش يوق دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتكەن.

2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق خەۋەر قىلدى:

2000 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ 7 ـ كۈنلىرى بېيجىڭدا خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ يىغىنى چاقىرىلغاندى. مىللىي ئىشلار كومىتېتى، مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ، 70 كىشى قاتناشقان بۇ يىغىندا، ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدە مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئېچىش قارار قىلىندى . 12 شەھەردە 25 مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئاچماقچى بولدى، بۇنداق مەكتەپلەرنى ئېچىش «شىنجاڭ»نىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا پايدىلىق دېيىلدى. 2000 ـ يىلدىن ھازىرغىچە ئىچكىرى خىتايدا ئوقۇتىمىز دەپ ئېلىپ كېتىلگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 2007 ـ يىلى يەنە 5 مىڭنى كۆپەيتمەكچى بولدى. بۇ

بالىلار توققۇز ـ ئون ياشلىق بالىلار بولۇپ، ئانىسىنىڭ باغرىدىن يۇلۇپ چىقىپ يۆتكەپ كېتىلىدى. بىڭتۈەننىڭ تور بېتىدە 2004 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تارقىتىلغان بىر ھۆججەت توغرىسىدا مۇنداق دېيىلىدى: بۇنىڭدىن كېيىن بىر مەزگىلگىچە مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئاساسەن غەربنىڭ گېزىنى شەرققە يۆتكەش، تەبىئىي گاز، نېفىت، كۆمۈر ۋە باشقا يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىشنى كۈچەيتىش، قوش تىللىق مائارىپنى كۈچەيتىپ (ئەمەلىيەتتە خىتاي تىلىنى ئۇيغۇر بۇ مىللەتكە مەجبۇرلاپ تېڭىپ) خىتاي ھەم مىللىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە «شىنجاڭ» سىنىپى ئېچىش ئۈچ خىل كۈچلەرگە داۋاملىق زەربە بېرىشنى ئاساس قىلىدۇ.

2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق خەۋەر قىلدى:

2 مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر مىللىي دورىگەرلىك، مىللىي تېبابەتچىلىكى نۇرغۇن كېسەللەرگە شىپا، بولۇپمۇ يۇقۇملۇق زۇكام، ئا. ب تىپلىق جىگەر ياللۇغى، سوزۇلما كاناي شاخچە ياللۇغى، مېڭە، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، يەللىك بوغۇم ياللۇغى، ئاق كېسەل، سۇنۇق، تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ كەلگەن ئىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە كۆڭۈل

بۆلمىدى. ئىقتىساد ئاجراتمىدى. تېبابەتچىلىك يوقىلىش گىردابىغا كېلىپ قالدى.

2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق خەۋەر قىلدى:

مۆلچەرلىنىشچە «شىنجاڭ»نىڭ ئۇيغۇرلار ياشايدىغان بۇ ۋەتەننىڭ تەبىئىي گاز زاپىسى 10 تىرلىيون كۇب مېتىر بولۇپ، شاڭخەي كۈندىلىك خەۋەرلەر تورىنىڭ 26 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا 2010 ـ يىلىغا بارغاندا خىتاي گاز ۋە نېفىت تۇرۇبىبا قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمىنى 63% كۆپەيتىدىكەن.

ئەسكەرتىش: بىز يۇقىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇر قىزلىرىنى، بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەركەكلەرنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كەتكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. بۇ ئۇيغۇرلار دات باسقان گاز تۇرۇبىلىرىنى، نېفىت تۇرۇبىلىرىنى تازىلايدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۆز ۋەتىنىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلسا بولماسمىدى؟ نېمىشقا ئۇيغۇرلارنى «شىنجاڭ»دىن يۆتكەپ كېتىدۇ، نېمىشقا خىتاي كۆچمەنلىرىنى «شىنجاڭ»غا يۆتكەپ كېلىدۇ؟ بۇ خىل ھەرىكەت ئۇيغۇرلارنى مىللىي يوقىتىش ئەمەسمۇ؟

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

خىتاينىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يەرلىك ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئەل ـ جامائەت

ئارىسىدا ئىناۋىتى بار 150 نەپەر دىنىي زاتنى يىغىۋېلىپ ئۇلارغا سىياسىي تەربىيە بېرىپ، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ ئۇيغۇرىستان ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىدى، دېگەن ئۇقۇمنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا بېسىم ئىشلەتكەن.

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

«شىنجاڭ» يەنى ئۇيغۇرىستاندا 1 مىليون 5 يۈز مىڭدىن ئارتۇق نامرات يېزا ئاھالىسى ھازىرغا قەدەر تېلېۋىزور كۆرەلمەيدىكەن، رادىئو ئاڭلىيالمايدىكەن.

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

بېيجىڭدا ئۆتكەن ھەپتە ئېچىلغان «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنىدا سېكرېتار ۋاڭ لېچۈەن 10 ـ يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپ «شىنجاڭ پارتىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى داۋاملىق تۇردە، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ كەلدى، نوپۇسنىڭ ئاستا كۆپىيىش، ئاز تۇغۇلۇش نىسبىتىنى ساقلاپ كەلدى، ھەرقايسى ناھىيە يېزا ـ كەنتلەردە باشقۇرۇش ئىشخانىسى ھەممىدە مۇلازىمەت ئورۇنلىرى قۇرۇلۇپ، خەلقنى

پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ئەمەل قىلىشقا كۈندۈردى، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ، مىللەتچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق، قۇتراتقۇلۇق ھەرىكەتلىرىگە يول قويماسلىق كېرەك، دىنىي ئەقىدىلەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى چىقىش، توسقۇنلۇق قىلىشقا يول قويماسلىق كېرەك، دەپ قاتتىق تەكىتلىدى.

ئەسكەرتىش: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نوپۇس ـ ئاھالە تەرەققىيات كومىتېتى خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى قوللاپ كەلدى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى، شەكلى ئۆزگەرگەن ئېتنىك تازىلاش، ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش سىياسىتىدۇر. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بۇ سىياسەتنىمۇ قوللامدۇ؟

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

قۇرۇق مېۋە تۈرىگە تەۋە بولغان بادام يەكەن ناھىيەسىنىڭ تارىخىي يەرلىك مەھسۇلاتى. بۇ جايدىن چىقىدىغان قەغەز بادام ھەمدە تاش بادام ئالاھىدە داڭلىق بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى 1998 ـ يىلى يەكەننى خىتاي بويىچە ئەڭ چوڭ بادام ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولغان ئىدى. بۇ يىلدىن باشلاپ 100

مىڭ مو بادامزارلىق بىنا قىلماقچى بولغان خىتاي ھۆكۈمىتى 100 مىڭ نەپەر ئۇيغۇر دېھقاننى بوز يەر ئېچىشقا ھەقسىز ئىشلەتتى.

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدىن ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ياش ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ھەربىر ناھىيە ھەم يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرگە ۋەزىپە چۈشۈرگەن. شۇنداقلا ھەربىر ناھىيەدە مەخسۇس بىر كادىرنى، ياش ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايغا يوللاشقا مەسئۇل قىلغان. خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى قاتتىق مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىندى ھەتتا خورلاشقا ئۇچرىدى.

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق خەۋەر قىلدى:

قەشقەر ھۆكۈمەت ئۇچۇر تور بېتىنىڭ 19 ـ مارتتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە مۇشۇ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزا بازارلىرىدىن كەلگەن 186 نەپەر ئۇيغۇر قىزى خىتاينىڭ تيەنجىن شەھەرلىك شەنگاڭ كىيىم ـ كېچەك شىركىتىگە ئىشەمچىلىككە ئېلىپ كېتىلگەن. بۇلار مۇشۇ ئاي ئىچىدە پەيزاۋات ناھىيەسىدىن 4 ـ تۈركۈم يولغا

سىلىنغان قىزلار بولۇپ، 3 ـ ئاي ئىچىدە پەيزاۋات ناھىيەسىدىنلا تەخمىنەن 696 نەپەر ئۇيغۇر قىز ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن. 2007 ـ يىلى كىرگەندىن بۇيان ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ سانى جەمئىي ئۈچ مىڭغا يېتىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، 19 ـ مارت قاغىلىق ۋە تاشقورغان ناھىيەسىدىن كەلگەن 160 نەپەر ئۇيغۇر ـ تاجىك قىزلىرى ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلدى.

ئىگەللىنىشىچە بۇ يىل قەشقەر ۋىلايەت تەۋەسىدىن يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن ئايال ئەمگەك كۈچى 240 مىڭ نەپەر ئىكەن. (قەيەرگە يۆتكەلدى؟ نېمىشقا ئادرېسى يوق، بۇ قىزلار نەدە، سان بەك كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى ئاشكارىلاشنى خالىمىدىمۇ؟ خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشى كېرەك) بۇنىڭدىن باشقا 2006 ـ يىلى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن 1 مىليون 115 مىڭ ئادەم «قېتىم» ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلدى، دېيىلدى. (قايتىپ كەلگەن كىم بار، نېمىشقا قېتىم دېگەن سۆز تىلغا ئېلىندى؟) خىتاي ھۆكۈمىتى 2007 ـ يىلى بۇ ساننى 1 مىليون 200 مىڭغا يەتكۈزۈشنى پىلانغا ئالدى.

ئەسكەرتىش: خىتاي كۆچمەنلىرىنى توختىماي ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا يۆتكەپ كېلىۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتى، يەنە نېمىشقا ئۇيغۇرلارنى ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىپ

ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىدۇ؟ بۇ يەردە زادى نېمە مەقسەت بار؟ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا خىتاي كۆچمەنلىرىگە ئىشلەيدىغان ئىش بار ـ ئىكەنۇ، ئۇيغۇرلار ئىشلەيدىغان ئىش يوقمىكەن؟ يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى ھەتتا خىتاي تىلىنىمۇ بىلمەيدىغۇ؟

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاي ھۆكۈمىتى غەربنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەرلىكنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا سىياسەت بەلگىلىگەندەك بولدى ۋە بۇ سىياسەتنىڭ كۆلەڭگىسىدە ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىگە يەنە خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆپلەپ يۆتكىدى. «نيو يورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي دائىرىلىرى غەربنى ئېچىش سىياسىتى بويىچە يەر ئاستى ۋە باشقا بايلىقلىرى مول «شىنجاڭ»غا يەنە يېڭىدىن 40 مىليون نوپۇس يۆتكەپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇرۇن كەلگەن كۆچمەن خىتايلار شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتى، يېڭى كەلگەن خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايلارغا يېقىن ئورۇنلاشتۇرماقتا. خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېڭى مەھەللىلەرنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى ھەقسىز ئىشلەشكە مەجبۇرلىماقتا. خەلقئارا ئەمگەك جەمئىيەتلىرىنىڭ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

رىپىتىر ئاگىنتلىقىنىڭ 20 ـ مارت بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى چەت ئەل دۈشمەن كۈچلەرگە، دىنىي ئەسەبىيلەرگە ۋە تېرروررچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئازايتىشقا ئۈندىدى.

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

بۈگۈن تەڭرىتاغ تور بېتىدە بېرىلگەن خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى خىتايغا يۆتكەش پىلانى بويىچە 2007 ـ يىلى ئۇيغۇر ۋەتىنىدىن خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكىمەكچى بولغان تەخمىنەن 1 مىليون 200 مىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ يېرىمىنى يەنى ئالتە يۈز مىڭنى يېزىلاردىكى دېھقان ئەمگەك كۈچلىرى تەشكىل قىلىدىكەن.

شۇنداقلا ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ھەر ئائىلىدىن بىر ئادەمنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەش سىياسىتى بويىچە ئىش تۇتۇۋاتقان بولۇپ، ھەرقايسى يەرلىك، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر ئۆز يېزىلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئىشچىلىققا ئەۋەتىشى

توغرىسىدا مەجبۇرى تەشۋىقات ئىشلىرىنى كۈچەيتكەن. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرىستاندىن ئېشىندى ئەمگەك كۈچلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەش پىلانىنى خەلقنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى دېھقانلاردىن ئىگىلىگىنىمىزدەك بەزى ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇت ـ كارخانىلارغا مەجبۇرى ئېلىپ كېتىلگەن.

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

تەڭرىتاغ تور بېتىنىڭ 22 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، «شىنجاڭ» نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تاڭ جيەننىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۇيغۇر ۋەتىنىدە كۈندىلىك خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارى يەتتە مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتكەن.

ئەسكەرتىش: ھېلىلا يۇقىرىدا ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمىز دەپ مەجبۇرلاپ يۆتكەپ ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ كەتتى، دېدۇق. نېفىتلىكلەردە كىم ئىشلەيدۇ؟ خىتاي كۆچمەنلىرى! نېمىشقا ئۇيغۇرلارنى نېفىتلىكلەردە ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرمايدۇ؟ خىتاينىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

خىتاي خەۋەرلىرى تور بېتىنىڭ ئاشكارىلىشىچە ھازىر ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەت تەرەپ ئېلان قىلغان سان بويىچە ھېسابلىغاندا ئەيدىز كېسىلىنى ئېلىپ يۈرگەنلەر 6936 نەپەر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2051 نەپەر كىشى كۆپەيگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا كۈنىگە ئالتە نەپەر كىشى ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولىدىكەن.

ئەسكەرتىش: بۇ مەسىلە ئىجتىمائىي مەسىلىمۇ ياكى سىياسىي مەسىلىمۇ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ يامراپ كېتىشىدە ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى يوقمۇ؟

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

ئۇيغۇر ۋەتىنىدىن يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر قىزلىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلدى. قەشقەر ئۇچۇرلىرى تور بېتىدە 22 ـ مارت ئېلان قىلىنغان خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىن 200 نەپەر ئۇيغۇر قىز خىتاينىڭ جېجياڭ ئۆلكىسىگە، كىيىم ـ كېچەك تىكىش شىركىتىگە ئىمكار ئىشلەشكە يۆتكەپ كېتىلگەن. بۇ قىزلار يولغا چىقىش ئالدىدا نوپۇسىنى شەھەرگە يۆتكەپ بېرىشكە، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن مەجبۇرى ھاشارغا، بىكارغا ئىشلەش ۋەزىپىسىنى كۆتۈرۈۋېتىشكە ۋەدىلەر بېرىلگەن.

ئۈنىڭدىن باشقا 19 ـ مارت 110 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ قىز ـ ئوغۇل پەرزەنتلىرى خىتاينىڭ جىجياڭ ئۆلكىسىدىكى بىرنەچچە شەھەرگە يۆتكەپ كېتىلگەن. بۇ ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى 18 دىن 25 ياشقىچە ياشلار ئىكەن. رادىئو مۇخبىرىنىڭ ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى ئېزىلىشكە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلارغا ناھايىتى قىسقا دەم ئېلىش ۋاقتى بېرىپ توختىماي ئىشلەشكە مەجبۇرلىغان، ھەتتا دەم ئالماي ئىشلەشكە قوشۇلماي نارازىلىق قىلغان قىزلارنى ئىش بېشى خىتايلار ئۇرغان.

2007 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

يەكەن كۆزنىكى تور بېتىدە ئاشكارىلانغان خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا 29 ـ مارت ئەتىگەندە يەكەن ناھىيەسىدىن 500 نەپەر ئۇيغۇر قىز ئىچكىرى خىتاينىڭ چىڭداۋ شەھىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن. خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ يىل يەكەن ناھىيەسىدىن ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلىدىغان ئەمگەك كۈچىنىڭ سانى ئالتە مىڭدىن ئاشىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇ كۈنلەردە يېڭىسار ناھىيەسىدىن خىتايلار ئۇلتۇراقلاشقان جېجياڭ ئۆلكىسىگە 185 نەپەر ئۇيغۇر قىز يۆتكەپ كېتىلگەن. بۇ قىزلارنىڭ كىچىكى 16 ياش، چوڭى 22 ياشلىق قىزلار ئىكەن.

2007 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

قەشقەر ھۆكۈمەت تورىنىڭ 2 ـ ئاپرېل ئاشكارىلىشىچە، 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىن 330 نەپەر ئۇيغۇر ياش خىتاينىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چىڭداۋ شەھىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن. بۇ يىل يېڭىشەھەر ناھىيەسى سىرتتا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەيدىغان سەككىز مىڭ ئادەم چىقىرىشنى پىلانلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە تۆت مىڭ ئادەم خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلىدىكەن. بۇنىڭدىن بۇرۇن خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر قىزلىرى بولۇپ، بۇ ئەھۋال دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى قاتتىق ئەندىشىگە سالماقتا.

2007 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1 ـ ئاپرېل خەۋىرىدە، ۋاڭ لېچۈەننىڭ [شىنجاڭ سېكرېتارى] پىلانلىق تۇغۇت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى نامرات دېھقانلار ئۇيغۇر ۋەتىنىدە نامراتلارنىڭ 85% نى ئىگىلەيدۇ دەپ كۆرسەتتى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا 2006 ـ يىلى پۈتۈن ئۇيغۇر ۋەتىنىدە دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 2742 يۈەن بولغان بولسا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دېھقانلارنىڭ 2072 يۈەن، خوتەننىڭ 1499 يۈەن،

ئاتۇشتا بولسا 1486 يۈەن بولغان. مۇخبىرنىڭ قەشقەر ھەمدە خوتەن يېزىلىرىدىكى دېھقانلاردىن ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا نامرات ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ بەزىلىرى كىرىم قىلماقتا يوق ھەتتا يىل ئاخىرىدا باج ۋە سېلىقلاردىن قۇتۇلالماي قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدىكەن. نامرات دېھقانلارنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانلارنى ھازىرغا قەدەر ئېغىر ۋە ئۇزاق مەزگىل ھاشارغا، بىكارغا ئىشلىتىشى، باج ۋە سېلىقلارنى كۆپەيتىشى ھەمدە يەنە بىر قاتار ناھەق سىياسەتلىرى دېھقانلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىپ كەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ قىزلارنى كىملەرگە سېتىۋەتتى؟

2007 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

رادىئونىڭ ھەقسىز تېلېفون لىنىيىسى ئارقىلىق مۇخبىرغا تېلېفون قىلغان بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ بايانىغا قارىغاندا بۇ ئۇيغۇر قىز خىتاينىڭ تانسىخانىسىدا جىنسى مۇلازىمەتكە زورلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ خورلىنىۋاتقانلىقىغا چىدىماي خىتاي ساقچىلىرىغا شىكايەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ساقچىلىرى ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىگەن.

2007 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق خەۋەر قىلدى:

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ھەقسىز تېلېفون لىنىيىسى ئارقىلىق رادىئوغا تېلېفون قىلغان بىر ئۇيغۇر ئەرنىڭ بايان

قىلىشچە، مەلۇم يېزىلىق ھۆكۈمەت خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيە سېكرېتارى، شۇ ئۇيغۇر يېزىسىدىن 150 نەپەر ئۇيغۇر قىز - يىگىتنى «باي بولىسىلەر» دەپ خىتاينىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىگە يولغا سالغان، يول بويى ئۇلارنىڭ سېپىگە ناتونۇش ئادەملەر قوشۇلغان. بۇ ئۇيغۇر ئەر سەندۇڭغا كەلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە قىينالغان. بەدەنلىرىنى قىچىشقاق بېسىپ كەتكەن. دەرد ئېيتسا، سەندۇڭدا ھېچقانداق بىر ئورگان ئۇلارغا ياردەم بەرمىگەن. «سېكرېتار بىزنى سەندۇڭدىكى قويمىچى خىتايغا ساتتى» دەپ جاكارلىدى بۇ ئۇيغۇر ئەر!

ئەسكەرتىش: ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى، ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە قايسى خىتاي بىدىكلىرىگە، يەنە قايسى دۆلەتلەرگە سېتىۋەتتى؟

2007 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

يېقىندا قەشقەر ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۆتكەن بىر يىلدا يېزا ئېشىندى ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتلارغا يۆتكەش پىلانى بويىچە قەشقەر ۋىلايىتىدىن خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئىشلەمچىلىككە ئېلىپ كېتىلگەنلەرنىڭ 560 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. (دىققەت «قېتىم» دېگەن سۆز نېمىگە قارىتىلغان؟) باردى - كەلدى، يۆتكەپ كېتىلدى، قايتىپ كەلدى، دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ لېكىن مەجبۇرى يۆتكەپ

كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى ۋە ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىڭ بىرسىمۇ ۋەتىنى ئۇيغۇرىستانغا قايتىپ كېلەلمىدى. شۇڭا قەشقەرلىك بىر قىز خىتاينىڭ نەنجىن شەھىرىدىن رادىئونىڭ مۇخبىرىغا تېلېفون بېرىپ: قىزلارنى قۇتۇلدۇرۇڭلار دېدى.

2007 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

«4 ـ ئىيۇن تور بېتى»نىڭ 30 ـ ماي كۈنى خەۋەر قىلىشىچە بېيجىڭ ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەرزدارلارنى قوبۇل قىلىش پونكىتىغا بىرقانچە كۈن ئىلگىرى، بېيجىڭغا ئەرز قىلغىلى كەلگەن 100 دىن ئارتۇق ئەرزدار قاماپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئەرزدارلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قاتتىق تاياق يېگەنلىكىنى بىلدۈردى.

2007 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

ئامېرىكا: ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە مەجبۇرى يۆتكەپ كېتىش ئادەم ئەتكەسچىلىكىنىڭ بىر تۈرى، دېدى. «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يەرلىك دائىرىلەرنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئۇلارنىڭ رازىلىقىسىز، مەجبۇرىي ۋاستىلەر بىلەن ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدە كارخانىلاردا ھەقسىز ياكى ناھايىتى ئاز مائاش بىلەن ئىشلەشكە يۆتكەش ھەرىكىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر قىزلار مەسىلىسىگە ئىنكاس قايتۇردى. ئامېرىكا ھۆكۈمەت

ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەسكەرتىشىچە، ئەگەر ئۇيغۇر قىزلار ئۇلارنىڭ رازىلىقىسىز مەۋجۇت شەرتلەردە ئىشلەشكە مەجبۇرلانغان بولسا، بۇ ئادەم ئەتكەسچىلىكىنىڭ بىر تۈرىدۇر . مەزكۇر رادىئونىڭ شىياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئادەم ئەتكەسچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ۋە كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى باش ئەلچى مارك لوگان ئەپەندىگە سوئال قويغاندا، مارك لوگان ئەپەندى : ئەگەر بۇ سىز تەسۋىرلىگەندەك راست بولسا، بۇ مەسىلە ناھايىتى ئېنىقكى، ئادەم ئەتكەسچىلىكىگە كىرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەت ۋە «شىنجاڭ»دا مەدەنىيەت ۋە مىللى كىملىكنى باستۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. بىز «شىنجاڭ»نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كىشىلەرنىڭ ئادەم ئەتكەسچىلىكىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئېلىۋاتىمىز. مانا بۇ بىزنىڭ خىتاينى ئادەم ئەتكەسچىلىكىدە كۆزىتىلىدىغان دۆلەتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشىمىزدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، دەپ كۆرسەتتى .

2007 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

كۇچا ناھىيەسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى نارازىلىق نامايىشى پارتلىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ـ ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش سىياسىتى بىلەن ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى دېھقان ياشلارنى بولۇپمۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنى ھەرخىل ۋاستىلەر

بىلەن خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكىشى، ئۇيغۇرلاردا بىردەك نارازىلىق قوزغاۋاتقان مەسىلىگە ئايلانماقتا. گەرچە خىتاي هۆكۈمىتى بۇ خىل ئاتالمىش ئۇيغۇر دېهقانلىرىنى باي قىلىش سىياسىتىگە «ئۇيغۇرلار رازى بولدى» دېگەن سۆزلەرنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا نارازىلىق ئىنكاسلىرىنىڭ بارلىقىنى يوشۇرۇپ كەلدى. يېقىندا ئىگە بولغان ئۇچۇرلارغا قارىغاندا ئاقسۇنىڭ كۇچا ناهىيەسىدە دېهقانلار خەلق مەيدانىغا يىغىلىپ هۆكۈمەتنىڭ، ئۇيغۇر قىزلارنى مەجبۇرى هالدا خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەۋاتقانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ داغدۇغىلىق نامايىش قىلدى. هۆكۈمەت هەرقانداق ئۇچۇرنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى چەكلىدى. بۇ ناهىيەنىڭ هاكىمى هۇسەنجاننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

2007 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

رادىئويىمىزنىڭ هەقسىز تېلېفون لىنىيىسى ئارقىلىق تېلېفون قىلغان بىر نەپەر ئۇيغۇر ئەرنىڭ بايان قىلىشىچە، خىتاي هۆكۈمىتى يېقىندا يەنە قەشقەرنىڭ توققۇزاق ناهىيەسىدىن يۈزلىگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ كەتكەن، ئىچكىرى خىتايغا بېرىشقا نارازى بولسا، جازاغا ئۇچرايدىكەن. ئىچكىرى خىتايغا ئېلىپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى قاتتىق نەزەر بەند ئاستىدا تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ ئۇدۇل بېرىپ يوقلاپ كۆرۈشۈپ كېلەلمەيدىكەن. ئەگەر ئۇلار ئەركىن تېلېفون قىلىپ بۇ

ئەھۋالنى سىرتقا ئېيتسا، ھەرخىل جەرىمانىگە ئۇچرايدىكەن. خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىشقا باشلاپتۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىر ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى ئاممىۋى تېلېفون خانىلاردىن سىرتقا تېلېفون قىلىشىمۇ ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالغان.

2007 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق كۆرسەتتى:

خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرى پەيشەنبە كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتىگە ئائىت ئون دېلونى تەستىقلاپ 18 ئادەمنى تۇتۇشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئېلان قىلدى. خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى، ئۆتكەن يېرىم يىلدا 3430 دېلوغا ئائىت 4909 كىشىنى تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىشقا بۇيرۇغان.

رابىيە قادىر

# ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە يوللانغان خەتلەر

ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى!

جانابىڭىز ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان يىللاردا، ئامېرىكا خەلقىنىڭ، كىشىلىك ھوقۇقلىرى، ئىنسانلىق غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجەسى بىز كۈتكەن چەككە يېتىپ كەلدى. شۇ قاتاردا مەن رابىيە قادىر خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولدۇم. بۇش ھۆكۈمىتىگە، ئامېرىكا خەلقىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بېيجىڭنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم. سىزنىڭ بۇ قېتىمقى بېيجىڭ زىيارىتىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق، ئۈنۈملۈك بولۇشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمى كىرىمىل ئىمپېرىيەسى ــ كوممۇنىزمنىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن ئازاد بولدى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەنە بىر قىسمى خىتايلار «شىنجاڭ» دەپ ئاتايدىغان زېمىندا ــ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى خىتايلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچراپ كەلمەكتە. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقى، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى قايسى دەرىجىدە بوزەك قىلىۋاتقانلىقى پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتىگە ھەرگىز سىر ئەمەس.

تېررورىستلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي خاتىرجەملىككە ئىگە بولۇشى كۈتكىنىمىزدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كېلىشى خىتاي مۇستەملىكەچىلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەزىيەتكە ماسلىشالمىغان ھالدا سىياسىي ئەندىشە ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. شۇڭا 2001 ـ يىلىدىن باشلاپ خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى خىتايچە «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلارنى باستۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

1. خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى ھۆكۈمىتى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلارنى باستۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

2. خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تېخىمۇ ئېپتىدائىي، تېخىمۇ دەھشەتلىك دەرىجىگە كۆتۈردى. ھامىلە يەتتە ئايلىق بولغاندىمۇ سۈنئىي تولغاق كەلتۈرۈش ئوكۇلى ئۇرۇپ بالا چۈشۈرۈشنى يولغا قويدى.

2005 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، 9 ـ 5

يىلىق پىلان ئىچىدە 3 مىليون 500 مىڭ ئۇيغۇر نارەسىدەنىڭ كەم تۇغۇلغانلىقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ %58، تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ %48 بولغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىدى.

ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى، ئەگەر خىتاي كوممۇنىست مۇستەملىكەچىلىرى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى شۇ تەرىقىدە داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولسا، ئاز ئۆتمەي ئۇيغۇرلار يەر شارىدىن غايىب بولىدۇ.

3. سىياسىي قاراشلىرى ھۆكۈمەتنىڭ كۆزقاراشلىرى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئۇيغۇرلار، سىياسىي غەزەپ ۋە سىياسىي نەپرەتكە تولۇپ ــ تاشقان ئۇيغۇرلار، نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن ئۇيغۇرلار، لىللا، راست گەپ قىلالايدىغان ۋە خىتاي مۇستەملىكەچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىشلىرىغا قارشى سۆز ـ ھەرىكەت قىلالايدىغان ئۇيغۇرلار بىر كىچىدە سىياسىي جىنايەتچىگە ئايلاندۇرۇلۇپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى، مۇددەتلىك، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. مەسىلەن، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن (خىتاي) 1 ــ ئايدىن 8 ــ ئايغىچە سەككىز ئاي ئىچىدە 22 سىياسىي تەشكىلاتتىن 55 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. نېمە دەيمىز، پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى بۇ ھەرىكەت بىر مىللەتنى ئاشكارا قىرغىن قىلغان بولماي نېمە؟ بۇ خەۋەر ھەم رادىئودا ئاڭلىتىلدى.

خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى ئالدىدا بىز ئۇيغۇرلار زادى نېمە جىنايەت قىلدۇق؟ ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق ياكى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىدائىي تەلەپلىرى ئىدىغۇ؟

3. خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كۆچۈپ كىرىش مەسىلىسى.

ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بوش ئەپەندى! ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (ئۇيغۇرىستان) تاغلىق، چۆللۈك رايون، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تەكلىماكان چۆللۈكى، شىمالىي تەرىپى قۇربان توڭغۇت چۆللۈكى ئادەم ياشىغىلى بولمايدىغان چۆللۈكلەردۇر. خىتاي كۆچمەنلىرى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ كىرمەكتە. غەربىي يۇرتنى ئېچىش سىياسىتىنى بەلگىلىگەن خىتاي ھۆكۈمىتى، پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ئاھالە كۆچۈرمەكتە. ئېبىنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى، لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى، ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) نىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى قۇرۇپ كەتتى. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقانداق بىر جايىدا يەر ئاستى سۈيى 50 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا چۈشۈپ كەتتى. ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇرلار قەيەردە ياشايدۇ؟ سۇ مەنبەلىرى ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى خىتاي كۆچمەنلىرى ئىگىلەپ كەتتى، ئۇيغۇرلار زادى قانداق يەردە ياشايدۇ؟ خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كۆچۈپ كىرىشى ئۇيغۇر

خەلقىنى نامراتلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ مىللەت ئۇيغۇرلارنىڭ چىقىش يولى زادى نەدە؟

مەسىلەن، 2001 ـ يىلىنى ئاساس قىلغان، 2002 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ يىلنامىسى» خىتايچە نەشرىنىڭ 467 ـ بېتىدە، يېڭىسار ناھىيەسىدە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 792 يۈەن بولىدۇ دەپ، خەۋەر قىلىندى. بىر ئائىلىنىڭ ياكى بىر ئەمگەك كۈچىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 100 دوللارغىمۇ يەتمىسە، بۇ خەلق ئۇيغۇرلار قانداق ياشايدۇ؟ تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭ پرېزىدېنت بوش ئەپەندىم!

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈمىد ۋە تەلەپلىرى

1. ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بوش ئەپەندى سىزنىڭ بېيجىڭغا يېتىپ بېرىپ خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى بىكار قىلىشى توغرىسىدا خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

2. ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارغا، خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلۈم جازاسى بېرىشىنى بىكار قىلىشى توغرىسىدا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

3. خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ داۋاملىق يەنە قانۇنسىز، ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كۆچۈپ كىرىۋاتقانلىقىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئەسكەرتىپ، بۇ مەسىلىگە

قارىتىپ پرىنسىپ بوش ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىنى قاتتىق شەرھلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

4. ئۇيغۇرلارنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇقلىرى توغرىسىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، پرىنسىپ ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىنى شەرھلەپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ دەرىجەسىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەزلۇم ئۇيغۇر خەلقىگە ۋاقىتلىق بولسىمۇ خاتىرجەملىك ئاتا قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەنكى رابىيە قادىر يېقىندا يەتتە ياۋروپا دۆلىتىنى زىيارەت قىلىپ (كىشىلىك ھوقۇق زىيارىتى) قايتىپ كەلدىم. ئامېرىكا خەلقى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەندەك، ياۋروپا خەلقىنىڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلدىم.

پرىنسىپ بوش ئەپەندى سەپىرىڭىزگە ئاق يول بولسۇن!

2005 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

# ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى!

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە «سودىدا ئېتىبار بېرىش» سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى خىتاي دۆلىتىدە ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇرغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر بۇ سىياسەتتىن بەھرىمەن بولدى. بەھرىمەن بولغان كىشىلەرنىڭ بىرسى مەن ئىدىم. تۆرلۈك توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ تىجارىتىمنى تەرەققىي قىلدۇردۇم. قازاقىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تاشقى سودا مۇناسىۋەتى ئورناتتىم. 1993 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدە خىتايدىن قازاقىستانغا 1700 توننىدىن ئارتۇق شېكەر ئېكسپورت قىلدىم. قازاقىستاندىن خىتايغا تۆمۈر، قەلەي، مىس، ئاليۇمىن مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلدىم. پاختا، تېرە، يۇڭ، تەييار كىيىم ـ كېچەك مەھسۇلاتلىرىنى مالغا ـ مال تېگىشىش شەكلىدە ئالماشتۇردۇم.

قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى ھۆكۈمىتى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قولغا ئېلىش، تەقىب قىلىش، باستۇرۇش سىياسىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ 100 كۈنلۈك زەربە بېرىش، ھەپتىلىك زەربە

بىرىش سىياسىي ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ گۇناھسىز ئەمما گۇمان قىلىشقا بولىدىغان ئۇيغۇرلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا ئېلىشقا باشلىدى. خىتاينىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى، يۇقىرىقىدەك قولغا ئېلىش ھەرىكەتلىرىگە گېزىت، مەتبۇئات، نەشر ئەپكار، تېلېۋىزىيە كۆرسىتىشلىرى ئارقىلىق ماسلىشىپ بەردى.

ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە ھاقارەت قىلىدىغان «فىلىڭ خانىم» ماۋزۇلۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئېكرانغا ئېلىپ چىقتى.

سىدىقھاجى روزى ۋە مەن بىر ئائىلە كىشىلىرى مىللىي ھاقارەتكە چىداپ تۇرالمىدۇق، سەۋرى ـ تاقەتنىڭ چېكى بار ئىدى. مەن:

ـــ يېزىش، دېدىم، رەددىيە ماقالىلىرى يازدىم. ئېرىم سىدىقھاجى روزى 1994 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە بەش پارچە ماقالە يېزىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلدى. خىتاي مىللىتىنىڭ كۆرەڭ ۋە ئىچى تار تارىخشۇناسلىرىغا ماقالە ئارقىلىق رەددىيە بەردى. ھۆكۈمەت پەيدا قىلغان جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى رەھىمسىز تەنقىد قىلدى. خىرويىنكەشلىك، ئەپيۇنكەشلىك ئەۋج ئالغان، خىتاي ساقچىلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان جەمئىيەتنىڭ چۈشكۈنلەشكەن ئەخلاقىنى تەنقىد قىلدى.

1995 ـ يىلى ئېرىم سىدىقھاجى روزىنىڭ مەتبۇئات ھوقۇقى چەكلەندى. ئۆلكىلىك گېزىت ـ ژۇرناللار ھەتتا يەرلىك مەتبۇئات ئورگانلىرىمۇ ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرىنى ئېلان قىلمىدى. 1995 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى فىڭ داجىن «شىنجاڭ گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ سىدىقھاجى روزىغا تەھدىت سالدى. 1996 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سىدىقھاجى روزىنى قولغا ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ ـ سۆزلەر جەمئىيەتتە مەخپىي تارقىلىشقا باشلىدى. سىدىقھاجى روزى، مەن ۋە مېنىڭ ئائىلەم تاللىۋالغان دۆلەت ـــ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا كېلىپ، سىياسىي پاناھلىق ئېلىشقا ئىلتىماس قىلدى.

1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مەن سىدىقھاجى روزى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكىغا كەلدىم.

1996 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئامېرىكا خەلقى ئېرىم سىدىقھاجى روزىغا سىياسىي پاناھلىق بەردى.

مەن 1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە كىرىپ، دۆلەت مەجلىسىنىڭ نوپۇزلۇق ئەزاسى x x ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلەپ بەردىم. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىدىن قايتىپ ئۈرۈمچىگە يېنىپ كەلدىم.

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى ۋىلايىتى، غۇلجا شەھىرىدە (بۇ

شەھەرنى خىتاي تىلىدا يېڭىلىق دەپ ئاتايدۇ، خەلقئارا مۇخبىرلارمۇ خىتاي تىلىنى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئىشلىتىپ يېڭىلىق دەپ، ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ). بىرنەچچە مىڭ ئۇيغۇر يىگىتلىرى تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلىپ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، ھەتتا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى. خەلق ئىچىدىكى تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا خىتاي ساقچىلىرى نامايىشنى باستۇرۇپ، 407 نەپەر ئۇيغۇر نامايىشچىنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈردى. گېزىت خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، 61 مىڭ ئادەم قولغا ئېلىندى[1]. بىراق، خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى ئاران توققۇز نەپەر كىشى ئۆلدى دەپ، جاكارلىدى.

مەن دوستۇم ھەم كەسىپدىشىم رامىلە ئابلىمىتنى باشلاپ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن غۇلجا شەھىرىگە ئىلى ۋەقەسىنى تەكشۈرۈشكە باردىم.

بالىلىرى نامايىشتا ئۆلتۈرۈلگەن ئانىلار، دادىلار بىلەن كۆرۈشتۇم، ئاتا ـ ئانىلىرى نامايىشتا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بالىلار بىلەن كۆرۈشتۇم، يىغا ـ زارە قىلىۋاتقان بىچارەلەرنى كامېراغا ئالدىم. ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدىغان چېغىمىزدا ئايروپىلان ئىستانسىسىدا ساقچىلار رامىلە ئابلىمىت ئىككىمىزنى تۇتۇپ قالدى. يېنىمىزنى چامىدان، سومكىلىرىمىزنى ئاختۇرۇپ كامېرا،

---

[1] 2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ياكى 4 ـ كۈنى «دۇنيا گېزىتى» خىتايچە نەشرى.

سۈرەت ئاپپاراتلىرىمىزنى ئېلىپ قالدى. ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىنى بىر سائەت كېچىكتۈردى.

1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىمنى چەكلەپ پاسپورتۇمنى تارتىۋالدى. هەددى ـ هەربىكىتىمىز، جەمئىيەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىمنى نازارەت قىلىشقا باشلىدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ نۆۋەتتىكى ئەزالىقىدىن چىقىرىۋەتتى.

مەن ئويلىنىپ قالدىم. كىشىلىك هوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئادەملىك ئىززەت ـ هۆرمىتىمىزنى قوغداش ئۈچۈن پەقەت كۈرەش قىلىشلا كېرەك ئىكەن، باشقا يول يوق ئىكەن دەپ، ئويلىدىم. قەيەردىن قول سېلىش كېرەك؟

ئۇيغۇرلارنى تەشكىللەش ئۈچۈن ئاۋۋال ئاياللارنى تەشكىللەش كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئۇيغۇرلار بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىقتىسادىي جەهەتتە قەد كۆتۈرگەندىلا ئاندىن جەمئىيەت ئىشلىرىغا، سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشالايتتى، ئاياللار هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى.

1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «رابىيە قادىر سودا سارىيى»نىڭ زالىدا «مىڭ ئانا شىركىتى»نى قۇرۇپ چىقتىم. شۇ كۈنى «مىڭ ئانا شىركىتى»گە 200 نەپەردىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئايال ئاكتىپ ۋە باشلامچى بولۇپ تىزىملاتتى. (13 مىليون يۈەن خىتاي پۇلى توپلاندى، شىركەتكە مەبلەغ ئورنىدا ياتقۇزۇلدى) خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى «مىڭ ئانا شىركىتى»گە تىجارەت

گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەرگەن ئىدى. بىراق، 1998 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى «مىڭ ئانا شىركىتى»نى تاقاش توغرىسىدا ماڭا بېسىم ئىشلەتتى، تىجارەت كىنىشكەمنى تارتىۋالدى. گېزىت - مەتبۇئات، تېلېۋىزىيە كۆرسىتىشلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، «قانۇنسىز مەبلەغ توپلىدى» دەپ بوھتان چاپلاپ، «شىركەت تاقىۋېتىلدى»، - دېدى. شىركەتكە مەبلەغ سالغان ئاياللارنىڭ پۇللىرىنى ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى ماڭا ھەر تەرەپتىن بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىدى. توك بىلەن تەمىنلەشنى بىردەم توختىتىپ، بىردەم يېقىپ بېرىپ، سۇ تۇرۇبىسىنى بۇزۇۋېتىپ، يولسىز جەرىمانە قويۇپ، نورمىدىن ئارتۇق باج قويۇپ مېنى قىيناشقا باشلىدى. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەرقانداق بېسىمغا بەرداشلىق بېرىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەرري دومباخ خانىم، بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە ماڭا تېلېفون بېرىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە مەن بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئون ماددىلىق «ئامېرىكا خەلقىگە مۇراجىئەت»نى يېزىپ تەييارلاپ قويغان ئىدىم.

ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئامېرىكىلىق مېھمانلار چۈشكەن «قۇرۇم» مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلگىنىمدە خىتاي

ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندىم. خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى ھۆكۈمىتى «ۋەتەننىڭ مەخپىيەتلىكىنى چەت ئەلگە يوللاپ بەردى» دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ ماڭا سەككىز يىللىق قاماق جازاسى بەردى.

باجاخۇ تۈرمىسىدە ئىككى يىل قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويدى، يالغۇز ياتتىم. گۇندىپاي خىتاي ئايال ساقچى ئىشىكنىڭ تۆشۈكىدىن باشقۇرۇپ تۇردى. يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم، ئولتۇرغىلى قويمايتتى، ياتقىلى قويمايتتى، ساقچى ۋارقىرايتتى. كەچ بولمىغۇچە ياتقىلى بولمايتتى، كىتاب ئوقۇشقا رۇخسەت قىلمايتتى. قەلەم تۇتۇشقا رۇخسەت قىلمايتتى.

2002 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مېنى قاراڭغۇ ئۆيدىن يورۇق، پاكىز ئۆيگە يۆتكەپ، ئىككى نەپەر ئايال خىتاي جىنايەتچىنى ماڭا ھەمراھ قىلىپ قويدى.

ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئاڭلىسام، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ماڭا بۇنداق «ئاقىلانە» مۇئامىلە قىلىشى پرېزىدېنت بوشنىڭ 2002 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقتى.

ئامېرىكا خەلقى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى مېنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد قىلىپ، 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدىم. مەن ئازاد بولدۇم، ھور دۇنيانىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدىم، رەھمەت ئامېرىكا خەلقى!

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچكى قانۇنلىرىغا بويسۇنۇپ، ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تاشقى سىياسىتىگە ماسلىشىپ مەن ئامېرىكىدا كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى ئېلىپ باردىم. مەن بۇ توققۇز ئاي ئىچىدە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئورۇنلاشتۇرغان يىغىنلارغا قاتناشتىم. (بۈگۈنكىنى قوشقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە تۆت قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈم). سابىق دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئالبرايىت خانىم تەشكىللىگەن كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىگە قاتناشتىم.

يېقىندا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ۋە ئامېرىكىلىق دوستلارنىڭ ۋە ئامېرىكا دېموكراتىيە فوندى جەمئىيەتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 2005 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە غەربىي ۋە شىمالىي ياۋروپادا يەتتە دۆلەتكە كىشىلىك ھوقۇق زىيارىتى قىلىپ بېرىپ، شۇ دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى سۆزلەپ بەردىم.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جەنۋە شەھىرىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى نوۋاك ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ خىتاي تۈرمىلىرىدە تەن جازاسىغا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ئەھۋالىدىن دوكلات بەردىم.

نوۋاڭ ئەپەندى 11 ـ ئايدا ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ تۇرمىلەرنى تەكشۈرۈپ كەلدى. «جىنايەتچى» نۇرمۇھەممەت ياسىن بىلەن كۆرۈشۈپ ئالاھىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى.

ياۋروپا زىيارىتىنىڭ بىرىنچى بېكىتى گوللاندىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى پارلامېنت، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، گېزىت مۇخبىرلىرى ۋە تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىغا دوكلات قىلغان ئىدىم. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا گوللاندىيە پارلامېنتى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە تىبەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا قانۇن لايىھە ماقۇللىدى.

ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى:

2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولۇپ چىققاندىن كېيىن، بېيجىڭدا خىتاي ئەمەلدارلىرى ماڭا:

— رابىيە قادىر، سەن ئامېرىكىدا سىياسىي پائالىيەت قىلما! ئۈرۈمچىدە قالغان بەش بالاڭنى، نۇرغۇن ئىقتىسادقا ئىگە شىركىتىڭنى ئۇنتۇپ قالما! دېگەن ئىدى.

مەن ئامېرىكىغا كېلىپلا كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىمنى باشلىۋەتتىم.

2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ قوراللىق ساقچىلىرى مېنىڭ ئۈرۈمچىدىكى «ئەقىدە شىركىتى»مگە ھۇجۇم قىلىپ

كىرىپ، شىركەتنىڭ مۇدىرى ئايشەم كەرىمنى قولغا ئالدى. ئۇنىڭ يەتتە ئايلىق بولغان بالىسى ئانا سۈتىدىن ئايرىلدى. «ئەقىدە شىركىتى»نىڭ كاتىپى روزى مۇھەممەتنى قولغا ئالدى. ئۇلار ھازىرغىچە تۈرمىدە، تېخى قويۇپ بېرىلمىدى. خىتاي ساقچىلىرى شىركەتنىڭ بارلىق ئىشخانىلىرىغا پېچەت سالدى.

شىركەتنىڭ 20 يىللىق ھېسابات، كىرىم ـ چىقىم ماتېرىياللىرىنى، بانكا مۇئامىلە توختاملىرىنى، شىركەتنىڭ قەرز، ئېلىم ـ بېرىملىرىگە ئائىت ھۆججەتلىرىنى باج تاپشۇرۇش تالونلىرىنى 15 سومكىغا قاچىلاپ، بۇلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بالىلىرىمغا تەھدىت سېلىپ:

ــ قولغا ئالىمىز، ـ دېدى. شىركەتنىڭ سودا ـ تىجارەت پائالىيىتى توختاپ قالدى.

2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ «شىنخۇاشى ئاگېنتلىقى»، «پارىخورلۇق قىلدى، دۆلەتكە باج تاپشۇرمىدى، يالغان ھۆججەت ياساپ بانكىدىن قەرز پۇل ئالدى» دېدى. نورمال تىجارەت قىلىۋاتقان «ئەقىدە شىركىتى»منى قارىلاپ پۈتۈن دۇنياغا خەۋەر تارقاتتى.

2005 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيەلىك سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن، بېيجىڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ:

ــ رابــيه قــادىر تۇرمــدىن قويــۇپ بېرىلگەنــدە دۆلەتنىــڭ مەنــپەئەتىگە زىيــان ســالمايمەن، ـ دېــگەن ئىــدى، ئامېرىكىغــا بېرىپلا مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دىنىــي رادىكالــىستلار بىــلەن تىــل بىرىكتــۈرۈپ، تېرروربــستلىق ھەرىــكەت پىلانــلاپ، دۆلەتنىــڭ مەنىپەئەتىگە زىيــان ســالىدىغان ئىــشلار بىــلەن شــۇغۇللاندى، 50 يىللىـــق دۆلەت بـــايرىمىنى تەبـــرىكلەش پائـــالىيىتىمىزگە بۇزغۇنچىلىــق قىلماــاقچى بولــدى، دەپ ماڭــا بوھتــان چاپلىــدى. مېنى ھەم تېرروربستلار قاتارىغا قوشماقچى بولدى.

2005 ـ يىلــى 9 ـ ئاينىــڭ 1 ـ كــۈنى خىتــاي كــۆچمەنلىرى ھــاكىمىيىتى ئۇيغــۇر ئــاپتونوم رايونىنىــڭ مەركىــزى ئــۈرۈمچى شــەھىرىدە ‹307› نومۇرلــۇق ئاشــكارا ئىــشخانا قــۇرۇپ، مېنىــڭ «ئەقىــدە شــىركىتى»مىنــى، ســودا ـ تىجــارەت ئۆچــۈن كىرىــپ ـ چىقىدىغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنى ۋە مېنىــڭ ئۈرۈمچىــدە قالغــان بەش بالامنى سىياسىي جەھەتتە نازارەت ئاستىغا ئالدى.

2005 ـ يىلــى 12 ـ ئاينىـــڭ 12 ـ كــۈنى ئۈرۈمچىـــدىن باللىرىمدىن تېلېفون تاپشۇرۇۋالدىم. ئىككى بالام ئابدۇلھېكىم ئابــدۇرەھىم، ئــالىم ئابــدۇرېھىملارنى تــۆت نەپەر ســاقچى نــازارەت ئاستىغا ئالدى. باللىرىم تەرەتخانىغا كىرسىمۇ ساقچىلار بىللە كىرىدىغان بولدى.

مەن ۋاشــىنگتوندا «ئۇيغــۇر كىــشىلىك ھوقــۇق، دېمــوكراتىيە فونــدى جەمئىيەتــى»نىــڭ ئىشخانىــسىنى قۇرغانــدىن كېــيىن سۈرەييە خانىم ماڭا ھەمكارلىــشىپ، فونــدى جەمئىيەتىنــى بىللــە

تەشكىللەپ، ئىشخانىدا بىللە ئىشلىگەندىن كېيىن ھازىر خىتاي ساقچىلىرى سۈرەييە خانىمنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى تۇغقانلىرىنى پاراكەندە قىلىشقا باشلىدى.

مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىم توغرىسىدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە يوللىغان دوكلاتىم قىسقىچە يۇقىرىقىدەك بولدى.

2005 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دۆلەت مەجلىسىدە سۆزلەندى.

# خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستى

ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى!

مەن تۆۋەندە 2000 ـ يىلىدىن 2004 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، خىتاي مۇستەملىكەچىلىرىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىدىن، جۈملىدىن ئەرلەرنى ئاقتا قىلىش، مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش، مەجبۇرىي ئوپېراتسىيە قىلىش، مەجبۇرىي دورا ئىچكۈزۈپ ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش قاتارلىق پاجىئەلىك ئەھۋاللاردىن قىسقىچە دوكلات تەييارلىدىم.

بۇ دوكلاتنى تەييارلاشتا، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ستاتىستىكا ئورگانلىرىنىڭ خىتاي تىلىدا تەييارلىغان «شىنجاڭ يىلنامىسى»دىن پايدىلاندىم. پىلانلىق تۇغۇت سىياستى توغرىسىدا مەخپىي ماتېرىياللارنى قولغا چۈشۈرۈش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

«شىنجاڭ يىلنامىسى»دا سانلىق پاكىتلار، پاجىئەلىك پاكىتلار ئەتراپلىق، تولۇق بېرىلمىگەن، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پاكىتلارنى پۈتۈنلەي يوشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى تۈزۈپ چىققان «شىنجاڭ يىلنامىسى»دا پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنىڭ سىجىللىقىنى، دائىملىقىنى، مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغانلىقىنى يوشۇرۇپ قالالمىغان.

ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى:

پەرزەنت كۆرۈش ـ كۆرمەسلىك ئامېرىكىدا ھەربىر پۇقرانىڭ ئىختىيارىغا باغلىق ئىش ئىكەن، ھەممە كىشى قانۇن ئالدىدا باراۋەر ئىكەن، ھەرقانداق كىشى قانۇن ئالدىدا گېپىنى قىلالايدىكەن.

مەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ، خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى، خىتاي مىللىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئېتنىك تازىلاش سىياسىتى دەپ، مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، ئېتنىك مىللەت ھېسابىدا خىتاي مىللىتى جۇڭگودا بىر مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە. ئۇيغۇرلار ئاتالمىش «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 20 مىليون ئەتراپىدا بىر ئېتنىك مىللەتتۇر. ئۇيغۇرلار يەر شارىدىن غايىب بولۇپ كېتىشنى، ئېتنىك مىللەت سۈپىتىدە خىتاينىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى ئارقىلىق يوقىلىپ كېتىشنى خالىمايدۇ.

1. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى، خىتاينىڭ بىر مىللەتنى ئېتنىك تازىلاش سىياسىتى دەپ مۇقىملاشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە

مۇناسىۋەتلىك دوكلات تەييارلىغاندا، ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن، خىتاي مۇستەملىكەچىلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش سىياسىتى دەپ خاتىرىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

3. پەرزەنت كۆرۈش، ئائىلە ـ ئوچاقلىق بولۇش، ئۇيغۇر ياشلىرى توي قىلىش يېشىغا يەتكەندە توي قىلىش، نەسىل قالدۇرۇش، ئاللاھ باشقا مىللەتلەر قاتارى ئۇيغۇرلارغا ئاتا قىلغان مۇقەددەس ھوقۇقلاردۇر، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇش، پەرزەنت كۆرۈش ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىدۇر. شۇ ۋەجىدىن خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك، خىتاي ـ ئۇيغۇر مۇناسىۋەتلىرى جىددىي زىددىيەتلىك دەۋرىگە كىرىپ قالدى. ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى

2000 ـ 2001 ـ يىللار

5 ـ قېتىملىق خىتاينىڭ مەملىكەتلىك نوپۇس تىزىملاش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا (2000 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە) ئاتالمىش «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا تىزىمغا ئېلىنغان ئومۇمى نوپۇسنىڭ سانى 19 مىليون

250 مىڭ دەپ، ھېسابلاندى. (بۇ سان ئىچكىرى خىتايدىن ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كىرگەن خىتاي كۆچمەنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن ئاھالىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) دا دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇس 18 مىليون 460 مىڭ 26 نەپەر ھېسابلاندى. بۇ قېتىمقى نوپۇس تىزىملاشنى 4 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشكە (1990 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 0 گىچە سېلىشتۇرغاندا «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) دا دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇس 409 مىڭ ئادەم كۆپەيدى. (بۇنىڭ ئىچىدە كۆچمەن خىتايلار قانچە نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ، تەبىئىي كۆپىيىش بويىچە تۇغۇلغان بوۋاقلار قانچە پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ، بىلگىلى بولمايدۇ). ئارقىدىنلا «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى، قوشۇلۇش نىسبىتى 26.98% دېيىلدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 390 مىڭ 580 نەپەر ئادەم قوشۇلۇپ يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى 2.34% بولدى دېيىلدى.

«شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا پىلانلىق تۇغۇتنى ستاتىستىكا قىلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، 2000 - يىلى «شىنجاڭ» دا 240 مىڭ 920 بوۋاق تۇغۇلدى. ئاھالىلەرنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.14% بولۇپ، دۆلەت چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچ پىلانىدىن 8.46 مىڭدە بىر نۇقتا تۆۋەن بولدى. ئۆتكەن يىلغا سېلىشتۇرغاندا 4.62 مىڭدە بىر نۇقتا تۆۋەن

بولـــدى؛ تەبىئىـــي كـــۆپىيىش نـــسىبىتى 9.61% بولـــۇپ، دۆلەت چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچلۈك پىلاندىن 5.79 مىڭدە بىر نۇقتا تۆۋەن بولدى دېيىلدى.

تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ئىچىدە بىر پەرزەنتلىك بولغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نىسبىتى 57.32%، ئىككى پەرزەنتلىك بولغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نىسبىتى 27.01%، كۆپ پەرزەنتلىك بولغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نىسبىتى 15.67% بولدى. ئۆتكەن يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىر پەرزەنتلىك بولغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نىسبىتى 0.78% (100 دە بىر پىرسەنت)؛ ئىككى پەرزەنتلىك بولغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سانى ئۆرلەپ 0.06 (100 دە 1%)؛ كۆپ پەرزەنتلىك بولغان ئاتا ـ ئانىلار 0.72 (100 دە 1%) بولدى. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى بويىچە پەرزەنت كۆرۈش نىسبىتى 98.61% بولۇپ، 0.68 (100 دە 1%) تۆۋەنلىدى، دېيىلدى. كېچىكىپ توي قىلىش 83.94% گە ئۆرلەپ (مەجبۇرلىغان بولۇشى مۇمكىن) 1.28 (100 دە 1%) ئۆرلىدى دېيىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن خىتاي ھۆكۈمىتى ھەقىقى ساننى مەلۇم قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارىمايمىز. كىچىكلىتىلگەن، يوشۇرۇنغان سان بويىچە ستاتىستىكا قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايمىز.

خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت تەشكىلاتلىرى ۋە رەھبەرلىك خىزمىتى

ئېتنىك مىللەت ئۇيغۇرلار يەر شارىدىن يوقىلىپ كېتىشى كېرەكمۇ؟

ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى!

2000 ـ 2001 ـ يىللىرى خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تەشكىللىك، پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرىنى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا مەجبۇرلاپ تېڭىش سىياسىتى دەرىجىسىگە كۆتۈردى. پىلانلىق تۇغۇت بويىچە زورلاش ۋاستىلىرىنى قانۇنلاشتۇرماقچى بولدى.

2000 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ، 18 ـ كۈنلىرى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، يىغىندا مۇئاۋىن رەئىس قېيۇم باۋدىن، مەمتىمىن زاكىرلار نۇتۇق سۆزلەپ، 1999 ـ يىللىق پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ۋە بۇ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىپ نىشانغا يەتكەنلىكىنى تەنتەنە قىلىشتى.

يىغىندا ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئەمەلىيەتتىكى خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن: نوپۇس ــ ئاھالە مەسىلىسى، داۋاملىق تەرەققىي قىلىش مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ياكى ئاشۇرالماسلىقنىڭ مۇھىم ھالقىسى، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە دەپ، بىلجىرلىدى.

پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئېغىشماي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاياللارنىڭ ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىي خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش سەۋىيەسىنى يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرەيلى، دەپ بىلجىرلىدى.

2000 ـ يىلى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ھەر خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ قېتىم سانى 239 مىڭ 363 قېتىمغا يەتتى. ئۆتكەن يىلغا سېلىشتۇرغاندا 10092 قېتىم ئاز ئوپېراتسىيە قىلىندى دېيىلدى. ئۇنىۋېرسال تۇغۇت چەكلەش 82.71% گە يېتىپ 0.16% يۇقىرى بولدى، دېيىلدى. پۈتۈن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا دورا ئىچىپ ھامىلىدارلىقتىن ساقلانغان ئاياللارنىڭ سانى 375 مىڭ 311 نەپەر بولدى، دېيىلدى. دورا ئىچكەن، ئوكۇل سالدۇرغان، تاشقىرىدىن دورا ئىشلەتكەن، قاپچۇق ئىشلەتكەن ئاياللارنىڭ سانى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 31.21%، 7.9%، 60.89% بولدى، دېيىلدى. دورا سايمانلىرى ئىشلىتىپ ھامىلىدارلىقتىن ساقلانغان ئاياللارنىڭ، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىشنىڭ ئۇنىۋېرسال تەدبىرلىرىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 13.83% بولدى، دېيىلدى.

2000 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت 23 ناھىيەگە ھەقسىز ماشىنا

ئاجرىتىپ بېرىپ، بۇ ماشىنىلارغا، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ «سەييارە ماشىنىسى» دەپ، نام بەردى.

2000 - يىلى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت «جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت پروگراممىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ناھىيەلەر ئارا، يېزا - كەنتلەر ئارا مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش سىياسىتىنى يولغا قويدى.

ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى!

ئېتنىك مىللەت ئۇيغۇرلار خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئارقىلىق، خىتاي مۇستەملىكەچىلىرىنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن ئېتنىك تازىلاش سىياسىتىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ يەر شارىدىن بىر مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىپ كېتىشكە يۈزلەندى. بۇ مىللەت ئۇيغۇرلار يوقىلىپ كېتىشنى خالىمايدۇ، قارشىلىق كۆرسىتىشكىمۇ ئامالى يوق، ماغدۇرى يوق. دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى بۇ مىللەت ئۇيغۇرلارغا رەھىم قىلىڭلار، ياردەم قىلىڭلار!

بۇ يىللاردا خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى

2001 - يىلى 2002 - يىللار

(ئۇيغۇرىستان) ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە 2001 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (سائەت 0 گىچە) ئاتالمىش «شىنجاڭ»

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمى نوپۇسى 18 مىليون 760 مىڭ 190 نەپەر دەپ، ھېسابلاندى. ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.92%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.13% دەپ ھېسابلاندى.

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىغا ئاساسلانغاندا تۇغۇلغان بالا 240 مىڭ 240 نەپەر بولغان ئىمىش. بۇنىڭ ئىچىدە بىر باللىق بولغان ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 57.23% نى ئىگىلەپ، ئۆتكەن يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 0.09 (100% نۇقتا) كېمەيگەن ئىمىش؛ ئىككى باللىق بولغان ئائىلىلەرنىڭ سانى 27.4% بولۇپ ئۆرلىگەن ئىمىش؛ ئۈچ باللىق بولغان ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 15.37% بولۇپ 0.3 گە يېتىپ 100 دە 100% تۆۋەنلىگەن ئىمىش؛ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى بويىچە تۇغۇلۇش نىسبىتى 99.02% گە يېتىپ 0.41% ئۆرلەپ پىلان 100 دە 100% ئورۇنلانغان ئىمىش؛ كېچىكىپ توي قىلغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 82.61% بولۇپ 1.33% تۆۋەنلىگەن ئىمىش.

پەرزەنت كۆرمەسلىككە ۋەدە قىلىپ توي قىلىش توختامنامىسى تۈزۈپ، توي قىلىش گۇۋاھنامىسى ئالغانلارنىڭ نىسبىتى 16.96% تۆۋەنلەپ 0.24 100 دە 100% ئورۇنلانغان ئىمىش.

2001 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاھالە ـ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىن 9 ـ 5 يىللىق پىلان مەزگىلىدە پۈتۈن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنىڭ نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ 2001 ـ يىلى 1 يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. يىغىن ئارىلىقىدا خىتاي مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ۋە خىتاي مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇكاپاتلاش، جازالاش توغرىسىدىكى قارارى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. (بۇ يەردە جازالاش، دېگەن ئىبارە ئىشلىتىلمىگەن. مەن قوشۇپ قويدۇم. چۈنكى، خىتايدا مۇكاپات دېگەن ئىبارە ئىشلىتىلگەن ئىكەن چوقۇم جازالاش بىللە ئېلىپ بېرىلىدۇ. گەپ بۇ يەردە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ).

بۇ يىغىندا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش كومىتېتى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر بىلەن (باشلىقلار) ئۆزئارا نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت نىشانى بويىچە «مەسئۇلىيەت توختامنامىسى» ئىمزالىدى.

2001 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت، خىتاي مەركىزي كومىتېتىنىڭ «ئاھالە ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، پەرزەنت كۆرۈش سەۋىيەسىنى تۆۋەنلىتىش» توغرىسىدا قارارى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلىدى.

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر يىغىندا نۇتۇق سۆزلەپ: رەھبەرلەرنىڭ تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قارارلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلانغان پىلانلىق تۇغۇتنىڭ يېڭىچە يولىنى ئىزدەپ تېپىشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى پىلانلىق تۇغۇت ۋە ئاھالە - نوپۇس خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى.

2001 - يىلى 5 - ئايدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 21 نەپەر ئادەم ئاجرىتىپ بۇلارنى بەش گۇرۇپپىغا (تەكشۈرگۈچىلەر گۇرۇپپىسى) تەشكىللەپ، 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيەگە ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. 19 ئورۇندا خىزمەت تەكشۈردى. يېزىلارغا بېرىپ تۇغۇتلۇق ئۇيغۇر ئاياللىرىنى تەكشۈردى ياكى ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتتى.

2001 - يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت يېزىلاردا پىلانلىق تۇغۇتقا يېتەكچىلىك قىلىش ئورگانلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. پىلانلىق تۇغۇتنى چىڭ تۇتىدىغان ئادەملەرنى تەيىنلىدى ۋە سەپلىدى ياكى كۆپەيتتى. ئوپېراتسىيە، دوختۇرخانا

ئۇسكۇنىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. 463 ئورۇندا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت ئىشخانىسى قۇرۇپ چىقتى. ئاياللارنى ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورىلىرىنى ئىچىشكە مەجبۇرلىدى. ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى ئاساس قىلغان ھەرخىل تېخنىكىلىق خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتتى. (بۇنىڭ ئىچىدە قورساقتىكى ھامىلىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىش ئەڭ مۇھىم تېخنىكىلىق خىزمەت بولۇشى مۇمكىن).

2001 - يىلى پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتىگە ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغ زور سۈرئەتتە ئۆستۈرۈلدى. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى 150 مىليون 751 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە سەرپ قىلدى. بۇ پۇلنى ئۆتكەن يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 65.58% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي مەركىزىي كومىتېتى مەخسۇس كەسپلەرگە ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 20 مىليون 211 مىڭ يۈەن ھېسابلاندى. ئۆتكەن يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 107% ئاشقان بولدى. ئۆلكە دەرىجەلىك مەبلەغ ئاجرىتىش 117 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، 120.8% بولدى. ۋىلايەت دەرىجەلىك مەبلەغ ئاجرىتىش 1 مىليون 467 مىڭ يۈەن بولدى، ئۆتكەن يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 35.89% ئاشقان بولدى. ناھىيە دەرىجەلىك مەبلەغ ئاجرىتىش 870 مىڭ 180 يۈەن بولدى، ئۆتكەن يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 27.42%

ئۆرلىگەن بولدى، يېزا دەرىجەلىك مەبلەغ ئاجرىتىش 219 مىڭ 80 يۈەن بولدى.

دىققەت: يېزا دەرىجەلىك مەبلەغ قەيەردىن كەلدى؟ دېھقانچىلىق رايونى دەپ ھېسابلانغان يېزا كەنتلەردە ھۆكۈمەت يۇقىرىقى پۇلنى، - «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلدى»، دەپ ئەيىبلەپ، ئائىلىلەرگە جەرىمانە قويۇپ توپلىغان پۇل ئەمەسمۇ؟

هۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى!

خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ تەشكىلى رەۋىشتە ئەمەلىلەشكەنلىكىنى؛ ئىقتىسادىي ئاساسلىرىنىڭمۇ يىلدىن - يىلغا تولۇقلىنىپ تۇرغانلىقىنى؛ قاتناش مەسلىسىنىڭ ھەل قىلىنغانلىقىنى ۋە ئوپېراتسىيە قىلىش بۆلۈملىرىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىنى يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈپ يەتتۇق.

پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بېسىم ئىشلىتىش، مەجبۇرلاش، زوراۋانلىق قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈپ يەتتۇق. خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالۇ - دەردىگە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى كۆڭۈل بۆلمىسە كىم كۆڭۈل بۆلىدۇ؟

تۆرەلمە، ئانىنىڭ قورسىقىدا ھامىلە بولغان تۆرەلمە بۇ ھاياتلىقتۇر. گەرچە بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ سۆزلەش ھوقۇقى بولمىسىمۇ، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر نارەسىدەلەرنى ئانىنىڭ قورسىقىدا ئۆلتۈرۈشنى ئۇيغۇر خەلقى كەچۈرگىلى بولمايدىغان زوراۋانلىق ۋە كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەت دەپ، ھېسابلايدۇ.

تۆرەلمە، ھامىلە، ئىككى نەپەر ياشنىڭ ئۇيلۇك ـ ئۇچاقلىق بولۇشى ئاللاھ باشقا مىللەتلەر قاتارى ئۇيغۇرلارغا ھەم ئاتا قىلغان تەبىئىي ھوقۇقلار ئەمەسمىدى؟ بۇ خىل ھوقۇق قاراشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد سىستېمىسىنىڭ تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟

خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا دىنىي زاتلار، دىنىي تەقۋادارلار ئارىسىدا تەشۋىق ـ تەرغىب قىلدى. چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىق، ياق دېگەنلەرنى قولغا ئېلىش قالايمىقان جەرىمانە قويۇش، تەھدىت سېلىش، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى سۇغۇرۇش قېتىم سانىنى قىسقارتىۋېتىش، دىنىي زاتلارنىڭ ھايات يولىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئاخىرى بۇ مىللەت ئۇيغۇرنىڭ دىنىي ئاكابىرلىرىنى قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

2001 ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن ۋىلايىتىدە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، دىنىي

زاتلار ۋە مۆتىۋەر ئەربابلار ئارىسىدا خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا تەشۋىقات ـ تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، پىلانلىق تۇغۇش مەسىلىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش بويىچە زور نەتىجەلەرگە ئېرىشتۇق، دېيىلدى.

2001 ـ يىلى بىر يىلدا 800 مىڭ ئادەم قېتىم تەشكىللەپ خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى تەشۋىق قىلىندى، دىنىي زاتلار ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا قارشى سىياسەتلەرنى ئۆگەندى، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى قۇرئان كەرىمنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرىغا بىرلەشتۇرۇلگەن ھالدا تەشۋىق قىلىندى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ تۇرمۇش قاراشلىرىمۇ ئۆزگەرتىلدى، دېيىلدى.

2001 ـ يىلى بەشتە ياخشى دىنىي زاتلارنى باھالاش، سېلىشتۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شەھەر ــ يېزىلاردا دىنىي زاتلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئىنكار قىلىش ياكى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى تۇرىدىغان ھادىسىلەر بارمۇ ــ يوق؟ دەيدىغان زورلاش ئۇسۇلىنى بەشتە ياخشى دەپ، باھالىنىدىغان دىنىي زاتلارنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ بېكىتتى. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى گەپ ـ سۆزلەرنى خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ئەكسىيەتچى سۆز ـ ھەرىكەتلەر دەپ بېكىتىپ جىنايەت تۈرىگە ئايرىدى. زورلۇق ھەددىدىن ئاشقاندا

قارشىلىق كۆرسىتىشكە قۇربى يەتمەيدىغان پۇقرالارنىڭ نېمە چارىسى بار؟

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن، خىتاينىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىدىن ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كەلگەن خىتاي ئىدى. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شەندۇڭ خىتاي ئۆلكىسىنىڭ جى نىڭ شەھىرى، لىن جىن شەھىرى، ۋي خەي شەھىرىدىن كۆچ يۆتكەپ كەلدى. بۇ كىشىلەر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسىگە، ئاندىن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىسار، ياركەنت، پەيزاۋات ناھىيەلىرىگە كېلىپ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەشكىللىدى. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئادەم كۆچى يېتىشمىگەندەك ياكى كۆچمەن خىتايلار ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونغا كۆچۈپ كىرمىگەندەك، خىتاينىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىدىن ھايۋانىي ئادەم يۆتكەپ كېلىش دېگەنلىك ئۇيغۇر خەلقىگە تەھدىت سېلىش، خەلق ئىچىدە ۋەھىمە پەيدا قىلىش دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟

## پىلانلىق تۇغۇت پىلانلىق ئۆلتۈرۈش

ئەمدى خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنىڭ 2003 ـ يىللىق پۈتۈن بىر يىللىق ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا نەزەر تاشلايلۇق.

2003 ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 19 مىليون 400 مىڭ ئەتراپىدا ياكى شۇ سان ئىچىدە تىزگىنلەندى. ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %10.78 بولۇپ، يىللىق ئاھالە پىلانى ئورۇندالدى، دېيىلدى. 2003 ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خىتاي كومپارتىيە كومىتېتى «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامنامىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. «مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چارىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. «قايتا پەرزەنت كۆرگەنلەرنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى.

پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا ئاساسىي قاتلامدا نېگىزلىك خىزمەتلەرنى زورلۇق بىلەن كۈچەيتتى. يېزىلاردا مەمۇرىي باشقۇرۇش، تېخنىكىلىق مۇلازىمەت، ئاممىۋى خىزمەت (پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش) كۈچەيتىلدى. باشقۇرۇش سىستېمىلىرى تۈرغۇزۇلدى، كۈچەيتىلدى. پىلانلىق تۇغۇش بويىچە دېھقانلار، چارۋىچىلارغا ھەقسىز خىزمەت قىلىشنى كۈچەيتتى. (دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ بالا ـ چاقىسى ياكى ئاياللىرى پىلانىنىڭ سىرتىدا ئېغىر ـ ئاياق بولدى، ئوپېراتسىيە قىلىپ قورساقتىكى ھامىلىنى ئېلىۋېتىش كېرەك، ئوپېراتسىيە قىلىش ھەققىنى كىم تۆلەيدۇ؟ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۆلەيدىغان پۇلى يوق، ھۆكۈمەت تەرەپ ئېغىر ئاياق ئاياللارنى ھەقسىز ئوپېراتسىيە قىلىپ قورساقتىكى ھامىلىنى ئېلىۋېتىدۇ. ھەقسىز ياردەم قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى شۇ.)

خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى 2003 ـ يىلى پۈتۈن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا تۇغۇت يېشىغا يەتكەن ئاياللارنى، ئېغىر ئاياق بولغان ئاياللارنى تىزىملاش تورلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ يىل ئىچىدە مەبلەغ ئاجرىتىپ پىلانلىق تۇغۇتقا سەرپ قىلىشنى كۈچەيتتى. سەييارە تەكشۈرۈش ئۈچۈن 97 دانە كىچىك، چوڭ ماشىنا ئاجراتتى. بەش ۋىلايەت ۋە ئوبلاست دەرىجەلىك ئورگانلاردا، يېزا ـ كەنتلەردە «قانۇن بويىچە باشقۇرۇش» ئورگانلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەر شەھەر ئىچىدە، رايونلاردا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. يېزىلاردا يېزىلىق ھۆكۈمەت كەنتلەردە ئاھالىلەرنى چىڭ تىزگىنلەپ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە بويسۇنۇشقا زورلىدى.

2003 ـ يىلى بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەنلىدى. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىغا ئاساسلانغاندا 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇسنىڭ ئومۇمى سانى 19 مىليون 330 مىڭ 950 نەپەر كىشى دەپ، ھېسابلاندى. ئۆتكەن يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 280 مىڭ 760 كىشى كۆپەيگەن ئىمىش. (كۆچمەن خىتايلار كۆچۈپ كىرگەنمۇ ياكى ئۇيغۇر بوۋاقلار شۇنداق تۇغۇلغانمۇ؟) كۆپىيىش نىسبىتى 1.51% بولغان ئىمىش. نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ھەر يىلى تۆۋەنلىدى. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا 1998 ـ يىلدىن 2003 ـ يىلغىچە ئالتە يىل

ئىچىدە پۈتۈن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ (تۆتتە 1000 دە بىر نۇقتىغا چۈشكەن). 2003 - يىلى پۈتۈن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ سانى 300 مىڭ 710 نەپەر بولغان ئىمىش. ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.01%، ئاھالىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 5.2%؛ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.78% بولۇپ، ئۆتكەن يىلىغا سېلىشتۇرغاندا ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى (0.29 دە 1000 نۇقتا بولغان ئىمىش).

تۇغۇت يېشىغا يەتكەن ئاياللار

2003 - يىلى توي قىلىپ تۇغۇت يېشىغا يەتكەن ئاياللارنىڭ سانى 350 مىڭ 550 نەپەر بولۇپ، ئومۇمى نوپۇسنىڭ 18.13% نى ئىگىلىگەن. 1990 - يىلىدىكى سان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.13 يۈز نۇقتا ئۆرلىگەن. توي قىلىپ تۇغۇت يېشىغا يەتكەن ئاياللارنىڭ سانى 770 مىڭ 740 نەپەر ئادەمگە يەتكەن. كۆپىيىش سۈرئىتى 28.5% بولغان ئىمىش. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلدا 1.95% ئۆرلىگەن. ئاياللارنىڭ تۇغۇش، پەرزەنت كۆرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى پۈتۈن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تۇغۇت يېشىغا يەتكەن ئاياللارنىڭ ئومۇمى پەرزەنت كۆرۈش ئەھۋالى 1.18 تۆۋەنلىگەن.

يۇقىرىقىلارنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا 2004 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى»دا مۇنداق كۆرسىتىلگەن.

پۈتۈن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۈچ پەرزەنت ياكى ئۈچتىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈش جىددىي تۆۋەنلىگەن. تۆتىنچى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە بەشىنچى ئومۇملاشتۇرۇش (ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مەزمۇنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدىم، كىتابتا بۇ توغرىدا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىمىگەن) ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، دېيىلدۇ، 2004 ـ يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى»دا، ئىككى بالىلىق ئومۇمىي پەرزەنت كۆرۈش ئەھۋالى تۆتىنچى ئومۇملاشتۇرۇش دەۋرىدىكى 0.61 دىن تۆۋەنلەپ، بەشىنچى ئومۇملاشتۇرۇش دەۋردىكى 0.51 گە چۈشكەن. ئوخشاش بىر مەزگىلدە ئۈچ پەرزەنت كۆرۈش ۋە ئۈچتىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈش، ئومۇمىي توغۇلۇش نىسبىتى تۆتىنچى ئومۇملاشتۇرۇش دەۋرىدىكى 1.71 دىن تۆۋەنلەپ، بەشىنچى ئومۇملاشتۇرۇش دەۋرىدىكى 0.34 كە چۈشكەنلىكى، پىلاننىڭ سىرتىدا كۆپ پەرزەنت كۆرۈشنىڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، دېيىلدى. 2004 ـ يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى»نىڭ خىتايچە نەشرىدە توي قىلىپ تۇغۇت يېشىغا يەتكەن ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئادىتىدە نېگىزلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى دەپ كۆرسىتىلدى.

ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى!

بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ماقالىلىرىمىزدە، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، پەرزەنت كۆرۈش، بالا ـ چاقىلىق

بولۇش ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرچىلىك قاراشلىرىغا، دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان ئىدى، دېگەن ئىدۇق. بۈگۈن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئادەتلىرىدە نىگىزلىك ئۆزگىرىش ھاسىل بولغان بولسا، بۇ ھەرگىزمۇ ئىختىيارى، ئۆزلىرى خالىغان، ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈشنى راۋا كۆرمىگەن ياكى شۇنداق تونۇش ھاسىل قىلغان ئەھۋال ئاستىدا يۈز بەرگەن نىگىزلىك ئۆزگىرىش بولماستىن، بەلكى ھاملىدارلىقتىن ساقلىنىشقا زورلاش، قورساقتىكى ھامىلىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ چۈشۈرۈۋېتىشكە زورلاش ئارقىلىق پەيدا قىلىنغان نىگىزلىك ئۆزگىرىشتۇر.

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا نۆۋەتتە ياش قۇرامىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى.

2003 ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا 0 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان بالىلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 24.79% نى ئىگىلىدى؛ 15 ياشتىن 64 ياشقىچە بولغانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 69.09% نى ئىگىلىدى؛ 65 ياشتىن يۇقىرىدىكىلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 6.12% نى ئىگىلىدى، دېيىلدى.

1990ـ يىللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 0 ياشتىن 14 ياشقىچە بالىلارنىڭ سانى 8.26 (100 نۇقتا تۆۋەنلىدى)؛ 15 ياشتىن 64 ياشقىچە بولغانلارنىڭ سانى 6.05 (100 نۇقتا ئۆرلىدى)؛ 65 ياشتىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ سانى 2.21 (100 نۇقتا ئۆرلىدى)، دېيىلدى. دېمەك، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا

ئىدارىسى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ياش قۇرامىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشنى ياشلىقتىن ئوتتۇرا ياشلىققا قاراپ ئۆزگەردى دەپ، خۇلاسە چىقارغاندا، ئاتالمىش «شىنجاڭ» (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) دا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەرزەنت كۆرۈشنى قانچىلىك دەرىجىدە تىزگىنلىگەنلىكىدىن خوش بولۇشتى.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پەرزەنت كۆرۈش پىلانى بويىچە گۇۋاھنامە ئېلىشى

هۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى!

تۇغۇت يېشىغا يەتكەن، توي قىلىپ ئېغىر ئاياق بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئۇيغۇر ئاياللىرى بىر پەرزەنتلىك بولۇش گۇۋاھنامىسى ئېلىشقا زورلاندى. دەسلىپىدە ئىككى پەرزەنت، ئۈچ پەرزەنت كۆرۈشكە ماقۇل بولغان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ بىر پەرزەنت كۆرۈش گۇۋاھنامىسى ئېلىشقا مەجبۇرلىغاندا، ئانىلار، دادىلار قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى؟ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنى مۇشۇ ئۇسۇلدا يوقىتىپ تۈگەتمەكچىمۇ، دېيىشتى. بۇ پىكىر ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيەتىدە ئومۇمىيۈزلۈك پىكىرگە ئايلاندى.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى «شىنجاڭ يىلنامىسى»دا 2003 ـ يىلى ئاھالىلەرنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە مۇۋاپىقلاشتى. 90% ئەتراپىدا ئۇنۇملۇك بولدى

دەپ، خۇلاسە چىقاردى. شۇنداق بولغاندا ئۇيغۇرلار مىللەت سۈپىتىدە يەنە 30 يىلدا يەر شارىدىن پاك ـ پاكىز غايىب بولامدۇ ياكى يەنە 60 يىلدا يەر شارىدىن پاك ـ پاكىز غايىب بولامدۇ؟

كەچۈرۈڭلار! ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى!

ئۇيغۇر خەلقى ھازىر ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىپ يەر شارىنىڭ تېزرەك ھالاك بولۇشىنى تەلەپ قىلماقتا. ئۇيغۇر ياشىمىغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى بارمىدى دۇنيادا دېيىشمەكتە!

شۇ يىلى بىر پەرزەنتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى 56.64% گە يەتكەن بولسا، ئىككى پەرزەنتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى 28.27% گە چۈشۈپ، كۆپ پەرزەنتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى 15.09% لىك سەۋىيەنى ساقلاپ قالدى، دېيىلدى.

2003 ـ يىلى بىر پەرزەنت كۆرۈش گۇۋاھنامىسى (بۇ تېخى خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىدە شەرەپ گۇۋاھنامىسى دەپ ئاتالدى). ئالغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئانىلارنىڭ سانى 500 مىڭ 880 نەپەر ھېسابلاندى. بۇنىڭدىن باشقا 130 مىڭ 800 نەپەر ئەر ـ ئايال «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالدى، دېيىلدى. «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئېلىشنىڭ نىسبىتى 18.45% گە يېتىپ ئۆتكەن يىلغا سېلىشتۇرغاندا (1.25 تە 100 نۇقتا ئۆرلىدى) دېيىلدى. تويى قىلىپ تۇغۇت يېشىغا يەتكەن ئاياللارنىڭ ئىچىدە 287 مىڭ 640 نەپەر ئايال ھەرخىل تەدبىر

ئىشلىتىپ ئېغىر ئاياق بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، ئومۇملاشتۇرغاندا ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىشنىڭ ئۈنۈمى 82.05% بولدى، دېيىلدى.

ئەسكەرتىش: 2003 ـ يىلى 130 مىڭ 880 نەپەر ئۇيغۇر ئايال «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان بولسا، ئۆتكەن يىلى يەنە شۇ ئاساستا «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان بولسا ئۇنداقتا، تۇغۇت يېشىغا يەتكەن «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئېلىشقا مەجبۇرلانغان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىككى يىل ئىچىدە 261 مىڭ 600 نەپەر ئۇيغۇر ئايال «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان بولىدۇ.

2003 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھرىدە يىغىن چاقىرىپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبەرلىرى مەركىزىي خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ («ئاھالە ۋە مۇھىت») توغرىسىدا ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى نازارىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى قاتنىشىپ يىغىندا ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلدى.

دىققەت: خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئەگەر ئىختىيارلىقنى ئاساس قىلغان بولسا ئۇنداقتا، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ئالاقىدار

يىغىنلارغا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرى نىمىشقا قاتناشىدۇ؟

2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ قاتارلىق تۆت ۋىلايەت ئوبلاستقا بېرىپ ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسى ۋە ئەسۋابلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى، ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىغا ئىشلىتىپ ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن «ئۆچتە يېزىلارغا يۈزلىنىش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

2003 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىشقا ئىشلىتىدىغان دورا ـ ئەسۋابلىرىنى ساقلاش، تەكشۈرۈش، تىزىملاش خىزمىتىنى زور كۆلەمدە قانات يايدۇردى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پىلانلىق تۇغۇت دورا ئەسۋابلارنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ ئەسۋابلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، باشقۇرۇش نىزامنامىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ ئەسۋابلىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»، «ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىشقا، دورا ـ ئەسۋابلارغا ئېھتىياجلىق تۈزۈلگەن پىلانلارنى تەستىقلاش، تارقىتىش تەرتىپلىرى» قاتارلىق ھۆججەت ۋە نىزامنامىلارنى تۈۋەنگە چۈشۈرۈپ ئاساسى قاتلام (يېزا ـ كەنتلەر) نىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

هۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى!

ئىنسانىيەت ئۇرۇش، تىنچلىق، ئاچارچىلىق، تەبىئىي ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەللەر نېمە، كاپىتالىزم نېمە، سوتسىيالىزم نېمە دەيدىغان تالاش ـ تارتىشلار ئىچىدە 21 ـ ئەسىرگە كىرىپ كەلدى. ئىنساننىڭ ياۋۇزلۇقى بىلەن ئىنساننىڭ ئادىمى تەبىئىتى ئوخشاشلا بىرلىكتە 21 ـ ئەسىرگە كىرىپ كەلدى. 19 ـ ئەسىردە كەشىپ قىلىنغان مۇستەملىكەچىلىك خىتايدىن باشقا ئەللەردە ئاساسى جەھەتتىن ئاياغلىشىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە مۇستەملىكەچىلىك ئاساسى جەھەتتىن يىمىرىلدى.

21 ـ ئەسىردە بىر مىللەتنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، قىرغىن قىلىش، ئېتنىك تازىلاش ئارقىلىق يوقىتىش، تارىخنىڭ 19 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق ئىشلارنى 21 ـ ئەسىردە يەنى ئىنسانلار بىر ـ بىرىنى چۈشەنگەن بىر دەۋردە يەنە تەكرارلاش، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغان بولمامدۇ؟

كوسوۋودا ئوق ئاۋازى ياڭرىدى، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى شۇ تەرەپكە بۇرالدى، سابىق پرېزىدېنت ھۆكۈمىتى ئەسكەر چىقىرىپ، كوسوۋولۇقلارنى ملوشۇچىنىڭ ئېتنىك تازىلىشىدىن ساقلاپ قالدى. ئۇيغۇرلارچۇ؟ بۈگۈن كوسوۋولۇقلاردىن خەتەرلىك، دەھشەتلىك تەھدىتكە دۇچ كەلدى... بىراق ئۇيغۇرلار خىتايغا قارشى ئوق چىقىرالمىدى. شۇڭا

ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە دۇنيا ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلمىدى.

خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى 1987 ـ يىلى يولغا قويدى. 1988 ـ يىلى رەسمىي ئىجرا قىلدى. 1988 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە توپتوغرا 18 يىل بولدى. قانچىلىغان ئۇيغۇر ئانىلار پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيەسىدە ئۆلدى، ئوپېراتسىيەدىن تىرىك قالغان قانچىلىغان نارەسىدەلەر قانداق ئەھۋالدا، يەنە قانداق مەخپىي بىر تەرەپ قىلىندى؟ چىدىماي ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىققان قانچىلىغان دادىلار قولغا ئېلىندى، ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، قانچىلىغان ئۇيغۇر ئەركەكلەر مەجبۇرىي دورا ئىچكۈزۈلۈپ، ئوكۇل ئۇرۇلۇپ ئاختا قىلىندى، قانچىلىغان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغماس قىلىۋېتىلدى؟ ھەقىقى سانىنى ھەقىقى ستاتىستىكا قىلىپ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئامالسىز قالدۇق. بۇ ئىش خىتايدا ھەربىي مەخپىيەتلىككە باراۋەر ئىش ئىدى. بۇنداق خىزمەت ئۇيغۇرنىڭ قولىدىن كەلمىدى.

يۇقىرىدا 2000 ـ يىلىدىن 2003 ـ يىلىغىچە 2004 ـ يىلىلىق خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ يىلنامىسى»غا ئاساسلىنىپ، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىدىن دوكلات تەييارلىدۇق. دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى ۋە ئامېرىكا خەلقى بىزنىڭ بۇ خىزمىتىمىزنى توغرا چۈشىنىدۇ ۋە خىتاي

كـۆچمەنلـرى ھاكـمـيـتـنـنـڭ ئۇيغۇرلارغـا قاراتقـان پـلانلـق تۇغۇت سـياسـتـنـنـڭ زوراۋانلـق قـلـش دەرىجـسـنـنـڭ قايـسى چەككە يەتكەنلـكـنـنـمۇ چۈشـنـۋالالايدۇ، دەپ ئويلايـمـز.

ھۆرمەتلـك دۆلەت مەجلـسى ئەزالـرى!

1. خـتاي كۆچمەنلـرى ھـاكـمـيـتى ئۇيغـۇرلارنى پـلانلـق تۇغۇت سـياسـتى ئارقـلـق پـلانلـق ئۆلتـۈردى. ئەمـما، يەنە شـۇ خـتاي كۆچمەنلـرى ھاكـمـيـتى خـتاي كۆچمەنلـرنى ئۇيغـۇر ئاپتونوم رايونـغا داۋاملـق كۆچۈرۈپ كـردى.

2. خـتاي مـلـلـتـنـنـڭ نوپۇسـى 1 مـلـيارد 300 مـلـيونـدىن ئېـشـىپ كەتتـى. خـتـاي كـۆچمەنلـرى ھـاكـمـيـتى، ئۇيغـۇر ئاپتونوم رايونـغا كۆچۈپ كـرگەن كـۆچـمەن خـتايلارغـا پـلانلـق تۇغۇت سـياسـتى بەلگـلـگەنمۇ، ـ يوق؟

3. خـتاي كۆچمەنلـرى ھاكـمـيـتى ئۇيغۇرلارنـڭ نوپۇسـنى 8 مـلـيـون دەپ جاكارلــدى. پـلانلـــق تۇغــۇت سـياســتـنى ئۇيغۇرلارغا قارىـتـش نـېمـگە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟

4. ئۇيغــۇرلار مـلــلەت ســۈپـتـىدە يوقـلــپ كـېتــشـنـمۇ خالـمايــدۇ، خـتــاي مـلـلــتـگە ئاسـسـمـلـياتــسـيە بولــۇپ كـېتـشـنـمۇ خالـمايدۇ، ئۇيغۇرلار خـتـاي مـلـلـتـى بـلەن بـىرگە ياشاشـنـمۇ خالـمايـدۇ. شـۇڭا ئـنـسانپەرۋەر ئامـېرىـكا خەلقـنـنـڭ ياردەم قـلـشـنـى تەلەپ قـلـمـز.

رابىيە قادىر

2005 ـ يـلـى 12 ـ ئاينـڭ 22 ـ كۈنى

# ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە يوللانغان خەتلەر

ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلىرىنىڭ چەت ئەللەردىكى ئەھۋالى توغرىسىدا دۆلەت مەجلىسگە يوللانغان دوكلات.

مەنكى رابىيە قادىر، چەت ئەللەردە سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن، ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە دوكلات تەييارلاپ كەلدىم. مەن بۈگۈن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىغا دوكلات قىلىمەن.

1991 ـ يىلى رۇسىيە كىرىمىل ئىمپېرىيەسىنىڭ يىمىرىلىشى، ئامېرىكىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيەلىك سىياسىتىنىڭ كوممۇنىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلاندى.

سابىق سوۋېتلار رۇسىيەسىنىڭ مۇستەملىكەسى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە قاراتقان سىياسەتلىرىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى، سابىق سوۋېتلەرنىڭ مۇستەملىكە قىلىش سىياسەتلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ ياكى قىسمەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىق جاكارلىدى. يۇقىرىقى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىللىق جاكارلىشىدىن پەيدا بولغان زەنجىرسىمان ئىنكاس، ئىلھاملاندۇرغۇچى، قوزغاتقۇچى سىياسىي كۈچ ۋە سىياسىي تەسىر قەدىمى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر

قىسمى خىتاي تىلىدا «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇيغۇرىستان دەپ ئاتىلىدىغان، تۈرك تىلىدا شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىلىدىغان، بۇ ئۆلكىگە يېتىپ كەلدى. زىيالىيلار، سودىگەرلەر، ھەر ساھە، ھەر كەسىپ ئەھلى ئوتتۇرا ئاسىيادا قايسىدۇر بىر مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى ئاشكارا ۋە مەخپىي تەبرىكلەشتى.

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەنى ئۇيغۇر ۋەتىنىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى چۆچۈپ كەتتى ۋە ئالاقزادە، پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كونترول قىلىشنى، ئۇيغۇرلارنى تەقىب قىلىشنى شۇ ۋەجىدىن جىددىيلەشتۈردى.

1. خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى «شىنجاڭ» (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) دا كوممۇنىستىك تەشۋىقات ـ تەرغىبات سىستېمىلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، 1993 ـ يىلى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە زەربە بېرىش سىياسىي ھەرىكىتىنى تەشكىللىدى. مەرھۇم تارىخچى تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ پارچە كىتابىنى مەتبۇئات يۈزىدە ئاشكارا تەنقىدلەپ:

ــ تۇرغۇن ئالماس تارىخنى ئۆزگەرتتى، ـ يالغان پاكىت ياساپ، يالغان تارىخ ئويدۇرۇپ چىقتى، ـ ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە تارىختىن نەزەرىيەۋى ئاساس تەييارلاپ بەردى، ـ تۇرغۇن ئالماس ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ۋەتەننىڭ

بىرلىكىنى پارچىلىماقچى بولىدى، ـ «شىنجاڭ» خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىدى، دەپ بىلجىرلىدى ۋەھاكازا.

ئۇيغۇرلار بولۇپمۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ساراسىمىگە چۈشتى. دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆز تەقدىرىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى ئويلاشقا باشلىدى. كىملەر قولغا ئېلىنار... كىملەر تۈرمىگە تاشلىنار... كىملەر ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنار...؟!

2. رۇسىيە فىدىراتسىيەسى ۋە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شاڭخەي شەھىرىگە جەم بولۇپ، 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى»نى قۇرۇپ چىقتى. قازاقىستاندا، قىرغىزىستاندا، ئۆزبېكىستاندا ئۇيغۇرلار ياشايتتى. قىسقىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە تەخمىنەن بىر يېرىم مىليون ئۇيغۇر ياشايتتى. شۇ دۆلەتلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە تەھدىت بولۇپ قالدىمۇ؟ «شىنجاڭ» (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) دا، يەنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ئۆزلىرى جاكارلىغاندەك، سەككىز مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدۇ، «شىنجاڭ» (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) ئەنە شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا قىسمەن مىللەتلەرنىڭ، مۇستەقىل بولۇشىنىڭ تەسىرىگە يولۇققان، سەككىز مىليون ئۇيغۇر، خىتاينىڭ نەزەرىدە،

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە زور تەھدىت پەيدا قىلاتتى. شۇڭا خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل بولغان مىللەتلەر بىرلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارغا تاقابىل تۇرۇش، ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئاڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش جەھەتتە ئورتاق تىل تېپىشتى. «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى»نىڭ ئوڭايلا قۇرۇلۇشى يۇقىرىقىدەك سىياسىي ئاساسلارغا ئىگە ئىدى.

3. 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى سىياسىي ھۆججەت چۈشۈرۈپ «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) ئاپتونوم رايونىدا «100 كۈنلۈك زەربە بېرىش» سىياسىي ھەرىكىتىنى يولغا قويدى. ئۇيغۇرنىڭ بىگۇناھ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى قولغا ئالدى، ئۇلارنى «تېررورىست»، «مىللىي بۆلگۈنچى»، «دىنىي رادىكالىست»، «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى» دەپ قارىلىدى. ئۇلارغا مۇددەتلىك، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ئېلان قىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنى بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سوت قىلا ـ قىلمايلا، سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ئادۋوكات ياللىشىنىمۇ رەت قىلىپ، ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ ئېتىپ تاشلىدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىدا ياكى خىتاي ئىشلار قانۇنىدىمۇ يۇقىرىقىدەك جىنايەت تۈرلىرى يوق ئىدى. بۇ خۇددى سىياسىي جەھەتتە خەتەرلىك، ئىشەنچىسىز دەپ قارالغان

ئادەملەرنى ئۇرۇش دەۋرىدە قانۇننىڭ سىرتىدا بىر تەرەپ قىلىۋەتكەندەك، باستۇرۇش بىلەن ئۇيغۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش بولۇپ ھېسابلاندى. خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلىرىنى باستۇرۇشىغا «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى» يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى.

4. «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ گۇرۇھقا قاتناشقان قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ، شۇ دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان، ئەسلى يەرلىك ئۇيغۇرلارغا يۇقىرى دەرىجىدە سىياسىي بېسىم ئىشلەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، سىياسىي پائالىيەت قىلىش، نامايىش قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلىرىنى بۇ دۆلەتلەر چەكلىدى. ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىشنى كۈندىلىك سىياسەتكە ئايلاندۇردى. يەرلىك ئۇيغۇرلارنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئىشقا قوبۇل قىلمىدى. ھەتتا، ئىشلەپچىقىرىش ئورگانلىرىغا، زاۋۇت ـ فابرىكىلارغا ئۇيغۇرلارنى يېقىن يولاتمىدى، ئۇيغۇرلار پەقەت كىچىك كۆلەمدە تىجارەت قىلىشقا، ئاشخانا ئېچىپ ئاشپەز بولۇشقا مەجبۇرلاندى. بۇ دۆلەتلەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى قانۇنى تەرتىپتە تىزىمغا ئالمىدى، تىزىمغا ئېلىنغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا پائالىيەت قىلىۋاتقان «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى»، «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق فرونتى» قاتارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇنلۇق كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىنى چەكلىدى.

ئالمۇتىدا قۇرۇلغان «ئۇيغۇرىستان ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ رەئىسى هاشىر ۋاهىدى، 1998 ـ يىلى نامەلۇم سىياسىي سۇيىقەستچىلەر، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەهىرىدە بۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ قاتتىق ئۇرۇۋېتكەندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى. هاشىر ۋاهىدىنىڭ قاتىلىنى ئېنىقلاپ چىقىش ۋە بۇ قاتىلنى قولغا ئېلىش تەلەپلىرى يەرلىك ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن هۆكۈمەتكە قويۇلغاندا قازاقىستان هۆكۈمىتىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى.

ئۇيغۇرنىڭ شۇنداق كىشىلىك هوقۇق پائالىيەتچىلىرىدىن بىرى قىرغىزىستان «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى نىغمەت ئابدۇقادىر بوساقوپ، 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەهىرىدە كۈندۈزدە سۇيىقەست بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئۇيغۇرنىڭ شۇنداق كىشىلىك هوقۇق پائالىيەتچىلىرىدىن بىرى «قازاقىستان نۇزۇگۇم فوندى جەمئىيەتى»نىڭ رەئىسى دىلبىرىم سامساقوۋا (ئايال)2001 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەهىرىدە ئۆلتۈرۈلدى.

ئۇيغۇرنىڭ شۇنداق كىشىلىك هوقۇق پائالىيەتچىلىرىدىن بىرى يازغۇچى ئىمىنجان ئوسمان ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەهىرىدە 2000 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۈرمىدە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى. جەسەتنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەندە، مەرهۇم ئىمىنجان ئوسماننىڭ ئارقا مېڭىسىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى.

5. 1996 ـ يىلى «شىنجاڭ» (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) دا، «100 كۈنلۈك زەربە بېرىش» سىياسىي ھەرىكىتى يولغا قويۇلۇپ، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان زۇلۇم چېكىدىن ئېشىپ كەتكەندە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئۇيغۇرلار ۋە سىياسىي ئارزۇلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان ئۇيغۇرلار 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئىلى ۋىلايىتى، غۇلجا شەھىرىدە بىرنەچچە مىڭ ئۇيغۇر قوزغىلىپ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق، ھەتتا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلغاندا، خىتاي ساقچىلىرى ۋە لەنجۇدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ھەربىيلەر تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. ھەرىكەتتىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىش باشلاندى. «100 كۈنلۈك زەربە بېرىش ھەرىكىتى» ۋە «بەش فېۋرال» باستۇرۇش، قولغا ئېلىش ھەرىكەتلىرىدە جانىنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمىگەن ئۇيغۇر ياشلىرى، ھەتتا، ئىدارە جەمئىيەتلەردە ئىشلەۋاتقان مىللىي كادىرلار چەت دۆلەتلەرگە قېچىشقا باشلىدى. بۇ ياشلارنىڭ بىر قىسمى ئامېرىكا، كانادا، گېرمانىيە، شىۋىتسىيە، بېلگىيە، نورۋېگىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، شۋىتسارىيە، گوللاندىيە، ئاۋستىرالىيە، ئاۋستىرىيە، دانىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىگە كېلىپ سىياسىي پاناھلىق ئېلىشقا باشلىدى. غەرب دۆلەتلىرىدە بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلىشى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ دۆلەت خەلقلىرىگە، شۇ دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە رەھمەت ئېيتىمىز.

ئەمما بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلىشى بەزى دۆلەتلەردە تازا دىگۇدەك راۋان بولمىدى. مەسىلەن: 300 نەپەردىن ئارتۇق ئۇيغۇر گېرمانىيەدە سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 150 نەپەر ئۇيغۇرغا سىياسىي پاناھلىق بېرىلگەن. قالغانلىرىغا سىياسىي پاناھلىق بېرىلمىگەن. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ياكى قانۇنسىز كۆچمەنلەر قاتارىدا ياشىماقتا. 2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سىدىقھاجى روزى مۇشۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي پاناھلىق ئېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىغا كاتىپلىرى ئارقىلىق دەرد ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

ئامېرىكا خەلقى سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي پاناھلىق تىلەش ئىلتىماسىنى رەت قىلمىدى. شۇڭا مەن بۇ يەردە ئامېرىكا خەلقىگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىننەتدارلىقىنى يەتكۈزىمەن.

6. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ باستۇرۇشىدىن، قولغا ئېلىشىدىن قېچىپ چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولدى؟ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھالى نېمە بولدى؟ قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بۇ ئۇيغۇرلارغا سىياسىي پاناھلىق

بىرىش ئۈياقتا تۇرسۇن ھەتتا ئۇلارنى قولغا ئېلىپ كېسىم ۋە ھۆكۈم ئېلان قىلدى. خىتاي قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلارنى خىتاي كۆچمەنلىرى ھۆكۈمىتىگە، «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) ئاپتونوم رايونىغا، خىتاي ساقچىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئەمەلىيەتتە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا جىنايەتچىلەرنى قايتۇرۇپ بىرىش خەلقئارا شەرتنامەسىمۇ يوق ئىدى.

مەسىلەن، قازاقىستان ھۆكۈمىتى 1999 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خەمىد مەمەت، ئىسرائىل، ئىمىنجان قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مۇساپىرنى قولغا ئېلىپ خىتاي ساقچىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. قازاقىستان ھۆكۈمىتى 1998 ـ 1999 ـ يىللىرى ئىگىلىشىمىزچە 17 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مۇساپىرنى قولغا ئېلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، قازاقىستان ھۆكۈمىتى پىسەنت قىلمىدى.

7. قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىمۇ قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، 1999 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نۇرمەمەت، مۆمىن ھاجى قاتارلىق بەش نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مۇساپىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

8. ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى ئىككى دۆلەت قانداق ئۇسۇلنى قوللانغان بولسا، شۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىپ، 1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۆمەر قارىم، تۇرسۇنجان، ئابلىز

قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئۆزبېكىستاندا سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلغان ئۇيغۇرنى قولغا ئېلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

9. ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردە ھەمدە غەربىي، شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى، «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قالغان ئىدى. ئون يىل بولدى، سەككىز ـ توققۇز يىل بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتى چەت ئەلگە چىقىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا پاسپورت بېرىشنى رەت قىلىپ، ئۇيغۇر ئائىلىلەرنىڭ جەم بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

مەسىلەن، ساۋۇتجان مەمەت ھۆكۈمەت ئىچىدە خىزمەت قىلىدىغان، ئۇيغۇرنىڭ مىللىي كادىرى ھېسابلىناتتى. 1999 ـ يىلى قېچىپ چىقىپ ئامېرىكىدا سىياسىي پاناھلىق تىلىدى. پاسپورتنى بەرمەي ئايالى، باللىرى خىتايدا توپتوغرا ئالتە يىل تۇتۇپ قېلىندى.

10. رابىيە قادىر بىلەن بىللە قولغا ئېلىنىپ ھېچقانداق گۇناھى يوق ئۈچ كۈندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن، سودا ـ تىجارەتتە رابىيە قادىر بىلەن ھەمكارلاشقۇچى رامىلە ئابلىمىت، تۇرلۇك يوللار ئارقىلىق «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) ئاپتونوم رايونىدىن قېچىپ چىقىپ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يولدىشى كامىل ئەپەندى

بىلەن جەم بولۇپ كاناداغا كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئىدى.

كانادا كۆچمەنلەر ئىدارىسى كامىل تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن راملە ئابلىمىتنىڭ ئىككى نەپەر پەرزەنتىگە چاقىرىق ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى تاكى ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئىككى نەپەر پەرزەنتىگە پاسپورت بېرىشنى رەت قىلىپ كەلدى.

ھۆرمەتلىك ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى: ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ كۈنى شۇ، ئۇيغۇر بولۇپ ياشىماقنىڭ تەسىلىكىمۇ شۇ. مەن يۇقىرىدا پەقەت ئىككى ئائىلىنىڭ ئەھۋالىدىن مىسال كەلتۈردۈم.

پىكىر ۋە تەلەپلىرىمىز:

1. گوللاندىيە، بېلگىيە، شىۋىتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كىشىلىك ھوقۇق زىيارىتىدە بولدۇم. شۇ دۆلەتلەردە سىياسىي پاناھلىق ئالالمىغان ئۇيغۇرلار مېنىڭ ياردەم قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئۇيغۇرلار قازاقىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن كېلىپ، يۇقىرىقى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلار ئىدى. مەن يۇقىرىقى دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلارغىمۇ شۇ دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سىياسىي پاناھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. چۈنكى، شۇ دۆلەتلەردىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار، شۇ دۆلەتلەر

مۇستەقىللىق جاكارلىغاندىن كېيىن، سىياسىي بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمىدى، دېدىم.

مەندەك بىر ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى قانچىلىك رول ئوينايدۇ؟ شۇڭا مەن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە دوكلات قىلغاندا، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلدىم. دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى خىزمەت مۇناسىۋەتى بىلەن ياۋروپاغا بېرىپ كەلگەندە، يۇقىرىقى ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلىشلىرى توغرىسىدا، شۇ دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە ئېيتىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2. چەت ئەللەردە سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتلىرى، بالا – چاقىلىرى بىلەن جەم بولۇشى ئۈچۈن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى بۇ ئەھۋال توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

3. «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى»نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارغا تاقابىل تۇرۇش، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈنلا قۇرۇلغانلىقى ھەممىگە ئوچۇق مەلۇم بولدى. شۇڭا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا سىياسەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا دىپلوماتىيەسىدە، ئۇيغۇرلارنى ئېتىبارغا ئېلىپ سىياسەت بەلگىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

4. ئافغانىستان خەلقئارا تېررورىستلارنىڭ قارا ئۆڭكۈرى ئىدى. 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەت ئافغانىستانغا ــ تېررورىستلارغا قارشى ھەربىي ھەرىكەت قوللاندى. ئۇيغۇر خەلقى بۇ ھەربىي ھەرىكەتنى پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن قوللىدى. شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئامېرىكىنىڭ قۇدرەتلىك ئارمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەربىي بازا قۇردى. خىتاي ھۆكۈمىتى قانداق ئويلىدى؟ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا باستۇرۇشنى جىددىيلەشتۈردى.

مەن ئامېرىكا خەلقىنىڭ ۋە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمغا مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

رابىيە قادىر

2005 ـ يىلى12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

# خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىدىن دۆلەت مەجلىسگە يوللانغان دوكلات

2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۆلكىسىنى ھەربىي تاجاۋۇز ئارقىلىق تىزگىنلىگەندىن كېيىن دىنىي مەكتەپلەرنى تاقاپ، ۋەقپە يەرلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى بۆشۈكىدە بوغۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇرلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە گادايلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر مائارىپىنى مۇستەملىكە، خىتايغا بېقىندى مائارىپقا ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئۇيغۇن ھوقۇق تەلەپلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك دەپسەندە قىلدى.

دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، سۆز ـ مەتبۇئات ئەركىنلىكى تەلەپ قىلغان، كوچىلارغا چىقىپ تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلىپ شۇ ئارقىلىق شۇنداق ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي ئاكتىپلىرىنى قولغا ئالدى ۋە مۇددەتلىك، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. رەھىمسىزلەرچە ئۆلۈم جازاسى بەردى. بۇلارنى ئاز دېگەندەك 1987 ـ يىلدىن باشلاپ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئۇيغۇرلارغا قارىتىپ، شەكلى ئۆزگەرگەن ئېتنىك تازىلاش سىياسىتىنى ھازىرغىچە جىددىي رەۋىشتە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. «شىنجاڭ»

ئۇيغۇرىستان ئاپتونوم رايونىغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈپ چىقىپ يەر ئاستى، يەر ئۈستى بايلىقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز ئېنېرگىيەسىنى، تۆمۈر، كۆمۈر قاتارلىق كان بايلىقلىرىنى ئېچكىرى خىتايغا ھەقسىز توشۇپ كەتتى.

مەن تۆۋەندە خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەيدا قىلغان ئاچچىق ئاقىۋەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1. 1991 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيەسىدە مەجبۇرى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىشقا زورلانغان ئېغىر ئاياغ ئاياللارنىڭ سانى 18 مىڭ 765 نەپەر بولۇپ، بۇ سان شۇ ناھىيەدە تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلدى.

2. 1992 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ توقسۇ ناھىيەسىدە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن مەجبۇرلاپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، قورسىقىنى يېرىپ بالىسى ئېلىۋېتىلگەن ئاياللارنىڭ سانى 846 نەپەرگە يەتكەن. بۇ ئاياللارنىڭ 90% كۆپرەكى ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئەگەشمە كېسەللەرگە ۋە نېرۋى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان.

3. 1994 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى تۇقسۇ ناھىيەسى ئۈگەن يېزىسىنىڭ خالىقتام كەنتىدە، ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى، پىلاندىن سىرت ھامىلىدار بولغان ئاياللارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ھەرىكىتى قوزغىدى. نەتىجىدە ئېغىر ئاياغ بولغىنىغا تۇققۇز ئاي بولغان گۈلپىيە ئاشكارا بولۇپ قالدى. ناھىيەلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ باشلىقى خەلچەم مىراۋۋدۇن، گۈلپىيەنىڭ ئېرى ھاشىم ئاخۇننى دەرھال 3000 يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە زورلىدى. ھاشىم ئاخۇن جەرىمانە تۆلەيدىغان پۇلۇم يوق دېگەندە، ئۇنىڭ قوتىنىدىكى كالىسىنى ۋە يىللىق يېمەك ـ ئىچمەككە غەملەپ قويغان ئاشلىقىنى جەرىمانىگە ھېسابلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان ھاشىم ئاخۇن بىر كېچىدە ئائىلىسىنى تاشلاپ باش ئېلىپ ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتتى.

ھۆكۈمەت كادىرلىرى گۈلپىيەنى تۇتۇپ، مەجبۇرلاپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان. گۈلپىيە دوختۇرخانىدىن قېچىپ چىقىپ كېتىپ بىر قەبرىستانلىقتا يوشۇرۇنۇپ، بالىسىنى تۇغۇپ كىندىكىنى ئۆزى چىشلەپ ئۈزۈپ، نارەسىدە بالىسىنى چاپىنىغا يۆگەپ ياتقاندا ئەتىسى يەنە پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدۇ.

پىلانلىق تۇغۇت كادىرى خەلچەم مىراۋۋدۇن، گۈلپىيەنىڭ ئەمدىلا تۇغۇلغان بالىسىنى ئانىسىنىڭ ئالدىدا بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ دەھشەتنى ــ نارەسىدە بالىنىڭ بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى

كۆرگەن ئانا گۈلپىيە ھوشىدىن كېتىدۇ. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئازاب ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ[1].

4. 1997 ـ يىلى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانا توپ تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ (دۇكان ئاچقان) پىركازچىكى ئاررۇگۈل تۇوي قىلىپ ئون يىل ئۆتكەندە، ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانا رەھبەرلىكىنىڭ ۋە تەڭرىتاغ رايونلۇق سوت مەھكىمەسىنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىلىق ئوپېراتسىيە قىلىنىپ بالىسى ئېلىۋېتىلگەن. ئانا بولغۇچى ئاررۇگۈل شۇنىڭدىن كېيىن تۇغماس بولۇپ قالدى.

5. ماھىرە غوپۇر تۇنجى پەرزەنتى تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بەلگىلەپ بەرگەن سان بويىچە، ئۈچ يىلدىن كېيىن يەنە بىر پەرزەنت كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىناتتى. تۇنجى پەرزەنتى ئون ياشقا كىرگەندە ماھىرە غوپۇر ئىككىنچى پەرزەنتىگە ھامىلىدار بولدى. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانا رەھبەرلىكى، ماھىرە غوپۇرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بالىسىنى ئېلىۋېتىشكە زورلاپ، قورساقتىكى بالىنى ئالدۇرۇۋەتمىسەڭ يۇقىرىدىن چۈشۈرگەن پىلاننى ئورۇنلىيالمايمىز، ئىدارىمىزگە جەرىمانە قويىدۇ، دېگەن. 1997 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ماھىرە غوپۇرنىڭ قورسىقىدا تۆت ئايلىق بولغان بالىسىنى مەجبۇرى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتكەن[2].

---

[1] بۇ خەۋەرنى «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» تەمىنلىگەن.

[2] ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى: ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر قىزى.

6. 1997 ـ يىلى شايار ناھىيەسىنىڭ توپلۇق كەنتىدە تۇغۇتلۇق ئايال *** تۇغۇش ئالدىدا تۇرغاندا «ياردەم بېرىش» ئۈچۈن يېتىپ كەلگەن (كىندىك ئانىسى) پىلانلىق تۇغۇت كادىرى، بۇ ئايالنىڭ بالىسىنى تارتىپ چىقىرىپ، تەشتەكتىكى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، تۇغۇت ئازابىدا ھوشسىز ياتقان ئانىنىڭ قوينىغا سېلىپ قويغان. ئانا ھوشىغا كەلگەندە بالاڭ ئۆلۈك تۇغۇلدى، دېگەن. ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئانا بىر ۋارقىراپلا ساراڭ بولۇپ قالغان[1].

7. 1998 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئايكۆل يېزىسىدا تۇغۇتلۇق ئايالنى ئۆيىدە قالدۇرۇپ ئېتىزلىققا ئەمگەككە چىقىپ كەتكەن مەمەت ئىسىملىك دېھقان ئېتىزدىن قايتىپ كەلگەندە ئايالىنىڭ ۋە بالىسىنىڭ ئۆلۈك ياتقانلىقىنى كۆرگەن، ئايكۆل يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ساجىمخاننىڭ بالىسىنىمۇ، ئايالىنىمۇ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، دېھقان مەمەت قولىغا پىچاق ئېلىپ پىلانلىق تۇغۇت كادىرى ساجىمخاننى ئۆلتۈرگەن. خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇن ئورگانلىرى سوت قىلىشنى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇپ دېھقان مەمەتكە ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ كاساپىتى تۈپەيلى بىر ئائىلە ئۇيغۇر ئۆلۈپ تۈگەشكەن[2].

---

[1] ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى شايارلىق ئۆمەر ئەپەندى.
[2] «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى.

8. ئىلى ۋىلايىتى قورغاس ناھىيە لەڭگەر يېزىسىدا 1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا 3 ـ بالىسىغا ھامىلىدار بولغان زەينەپ، پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرىنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىنى پارچىلاپ چۈشۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ، باشقا يۇرتقا قېچىپ كەتكەن. «قورساقتىكى بالا توققۇز ئايلىق بولغاندا پارچىلاپ چۈشۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ» دەپ قانۇن تۈزگەن خىتاينىڭ سىياسىتىگە ئالدىنىپ، ئاي ـ كۈنى توشقاندا زەينەپ، قېچىپ كەتكەن يەردىن لەڭگەر يېزىسىغا قايتىپ كەلدى. لېكىن ئەتىسى زەينەپ لەڭگەر يېزىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كادىرى بىلەن قورغاس ناھىيەسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل ھاكىمىغا تۇتۇلۇپ قالدۇ. ئۇلار زەينەپنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشىغا قارىماي، ئۇنى سۆرەپ دېگۈدەك دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردۇ. زەينەپنى كارىۋاتقا باغلاپ ئىككى قېتىم سۈنئىي تولغاق كەلتۈرۈش ئوكۇلى ئۇردۇ. يېرىم سائەت ئۆتمەي ئوكۇل زەربىسىدىن زەينەپنىڭ بالىياتقۇسى پارتلاپ توققۇز ئايلىق بالا بىلەن بىرگە سىرتقا ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئۇيغۇر قىزى زەينەپ نەق مەيداندا ئېچىنىشلىق بىر ئىڭراش بىلەن ۋاپات بولىدۇ[1]. بۇ ۋەقە 1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قورغاس ۋاقتى كەچ سائەت سەككىزدە يۈز بەردى. شۇ كۈنى قورغاس ناھىيەسىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرى زەينەپنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ كوچىلاردا نامايىش

---

[1] ماتېرىيالنى ئۇيغۇرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر قىزى تەمىنلىگەن.

قىلدى. قورغاس ناھىيەلىك پارتكومنىڭ خىتاي سېكرېتارى ۋاڭ زورىن ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ خىتاي سېكرېتارى جاڭ گولىيەن قاتارلىقلار پۈتى كۆيگەن توخۇدەك نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

2000 ـ يىللاردىن باشلاپ خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا پىلاندىن سىرت تۇغۇش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ناھىيە ۋە شەھەرلەردە بىرىنچى قول ئەمەلدارلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. يېزا ـ بازارلاردا پىلاندىن سىرت بىر بالا تۇغۇلۇپ قالسا، يېزا ـ بازارلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ ھەر ئايلىق مائاشىدىن ئون كۈنلۈك ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قالىدىغان بولدى. ئەگەر ئىككى بالا پىلاندىن سىرت تۇغۇلۇپ قالسا، جازالاشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، گېزىتلەردە، تېلېۋىزىيەدە ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىد قىلىنىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ سانىنى كەم ياكى خاتا مەلۇم قىلغان مەنسەپدارلارنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋە تېشىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئېلىپ تاشلىنىدىغانلىقى، خىزمەتتىن ھەيدىلىدىغانلىقى ھەتتا قانۇن ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

2005 .9 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان 28 نەپەر ئۇيغۇر ئايال قەشقەر پەيزاۋات ناھىيەلىك تۇغۇت چەكلەش دوختۇرخانىسىغا مەجبۇرى ھالدا ئېلىپ كېلىندى. بۇ

ئايالـلار ھۆكـۈمەت بەلگىـلەپ بەرگەن پىلانـدىن سـىرت قورساق كۆتـۈرگەنلىكى ئۈچـۈن، دوختۇرخانـا بـۇلارنى بىـر ـ بىـرلەپ ئوپېراتـسىيە قىلىـپ ھەممىـسىنىڭ بالىياتقۇسـىنى كېـسىپ ئېلىۋەتتى. شـۇنىڭ بىـلەن بىـرگە بـۇ ئايالـلارنىـڭ قورسـىقىدىكى بالىلارنىمۇ گۆش پارچىلىغاندەك پارچىلاپ بىـر تەرەپ قىلـدى. بـۇ 28 نەپەر ئايالنىڭ ئىچىدە قەمبەرخان، مۇكەررەمخان، ئايتۇللاخـان، سـۈپىرەمخان، نۇربىيەمخـان، ھۆرنىـساخان، ئامىنىخـان قاتـارلىق يەتـتە نەپەر ئۇيغـۇر ئاياللىرى نەق مەيدانـدا قانـسىراپ ئۆلـدى. بـۇ ئايالـلارنىڭ چوڭى 34 ياش، كىچىكى 25 ياشلىق جـۇۋانلار ئىـدى. ئـۇلار پەيـزاۋات ناھىيەسـىنىڭ ھەرقايـسى يېزىلىرىـدىن تۇتـۇپ كېلىنگەن[1].

10. 2005 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قورچاق رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالـدى 9 ـ 5 يىللىق پىلان مەزگىلىـدە (يەنـى 18 يىـل ئىچىـدە) «شـىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 3 مىليون بوۋاقنىڭ كەم تۇغۇلغانلىقىنى ئىنەكىمەي، تەپ ـ تارتماي جاكارلىدى.

خىتاينىڭ «شىنخۇا ئاگىنتلىقى» 2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن تارقاتقان تېلېگراممىسىدا: 5 ـ ئاينىـڭ 14 ـ كـۈنى ئۈرۈمچىـدە، ئۇيغـۇر ئـاپتونوم رايونىـدا %1 ئاھـالىنى تـاللاپ تەكـشۈرۈش رەھبەرلىـك گۇرۇپپىـسى 2005 ـ يىللىـق

---

[1] بۇ ماتېرىيالنى «شەرقي تۈركستان ئۇچۇر مەركىزى» تەمىنلىدى.

يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندىن ئىگىلىشىمىزچە هازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاھالە ـ نوپۇس خىزمىتى ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن بولۇپ، 18 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا 3 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئاز تۇغۇلغان. «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1975 ـ يىلىدىكى 24.36% تىن 2004 ـ يىلىدىكى 10.91% گە، تۇغۇلۇش نىسبىتى 1975 ـ يىلىدىكى 33.10% تىن، 2004 ـ يىلىدىكى 16% گە تۆۋەنلىگەن دەپ، كۆرسەتتى.

هۆرمەتلىك ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى!

ئۇيغۇرلار خىتاي مىللىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى نامىدا شەكلى ئۆزگەرگەن مىللىي قىرغىنچىلىقنى يولغا قويغانلىقى تۈپەيلى، ئېتنىك مىللەت سۈپىتىدە يەرشارىدىن غايىب بولۇشنى قوبۇل قىلىشى كېرەكمۇ؟ 1 مىلياردتىن ئارتۇق خىتاي مىللىتى پاتقان يەر شارىغا 20 مىليون نوپۇسلۇق بىر مىللەت ئۇيغۇرلار سىغمىدىمۇ؟ ئۇيغۇرلار خىتاي دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلمىدى، ئەكسىچە خىتاي مىللىتى ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئىدىغۇ؟ ئۇيغۇرلار ئەمدى ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە خىتاي مىللىتىنىڭ مىللىي قىرغىن قىلىشىغا ئۇچراۋاتىدۇ، خىتاي دۆلىتىنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن دۆلەت تېررورىزمىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى دوكلاتىمىز تەكشۈرۈلۈپ توغرا تېپىلغاندىن كېيىن، خىتاي مۇستەملىكەچى هاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر بۇ

مىللەتكە قاراتقان شەكلى ئۆزگەرگەن مىللىي تازىلاش سىياسىتىنى توختىتىش توغرىسىدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ يازما قانۇن لايىھە ماقۇللىشىنى تەلەپ قىلىمىز. ھەمدە ماقۇللانغان قانۇن لايىھەسىنى ئاق سارايغا يوللاپ بېرىپ، پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ ئىمزا قويۇشىغا ھاۋالە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

رابىيە قادىر

پىكىر ۋە تەلەپ

ئامېرىكا خەلقى، ھۆرمەتلىك كونگرىس ئەزالىرى!

1. ئامېرىكا كونگرىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېتنىك مىللەتلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشىنى، خىتايغا مۇناسىۋەتلىك تاشقى سىياسەت بەلگىلىگەندە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئايرىم سىياسەت بەلگىلەشنى تەلەپ قىلىمىز.

2. خىتاينىڭ بېسىمىدىن، قولغا ئېلىشىدىن قېچىپ چىقىپ، غەرب دۇنياسىدا ھەرقايسى دۆلەتلەردە سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن، لېكىن سىياسىي پاناھلىقتا ئېرىشەلمىگەن ئۇيغۇرلارغا ئامېرىكا كونگرىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

3. خىتاي كوممۇنىستلىرى 1987 ـ يىلىدىن باشلاپ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇرلارغا قاراتتى. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ئۇيغۇرلار

ئارىسىدا خىتاينىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن ئېتنىك تازىلاش سىياسىتى دەپ ئاتالدى. ئۇيغۇرلار بىر ئېتنىك مىللەت سۈپىتىدە يەر شارىدىن غايىب بولۇپ كېتىشنى خالىمايدۇ. ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

4. 2003 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىنى چەتكە قېقىپ، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپلەرگىچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا مەجبۇرى خىتاي تىلىدا دەرس ئۆتۈشنى يولغا قويدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپى تۈگەشتى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى چېكىندى. ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

5. كەچۈرۈم تەشكىلاتى، كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىغا ئاساسلانغاندا 1997 ـ يىلىدىن باشلاپ هازىرغىچە خىتاي كوممۇنىستلار هۆكۈمىتى 200 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەهبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەردى. ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى توختىتىش توغرىسىدا ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ خىتاي هۆكۈمىتىگە داۋاملىق بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

6. خىتاي كۆچمەنلىرى 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كۆچۈپ كىرىشكە باشلىدى. 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ، خىتاي كوممۇنىستلىرى، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كۆچۈپ كىرىشىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. خىتاي كۆچمەنلىرى

تېرىلغۇ يەرلىرىنى، سۇ مەنبەلىرىنى ئىگىلەپ كەتتى. ئۇيغۇر خەلقى كەمبەغەللەشتى، ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىر ئايدا بىر دوللارمۇ خەجلىيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كۆچۈپ كىرىشىنى توختىتىش توغرىسىدا ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

7. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تەبىئىي گاز، نېفىت ۋە باشقا كان بايلىقلىرىنى خىتاي كۆچمەنلىرى بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدە ئېچىشقا باشلىدى. ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلۇشى ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كەتتى. تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى قۇرۇپ كەتتى، ئېبىنور كۆلى قۇرۇپ كەتتى، لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى، ئۇتۇنكوزا كۆلى قۇرۇپ كەتتى، يايلاقلار بۇلغىنىشقا ئۇچرىدى، يەر ئاستى سۈيى 50 مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتتى. ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى، بۇ توغرىسىدا خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

8. خىتاي ئوقۇغۇچىلاردىن پەرقلىق ھالدا مەلۇم نىسبەتتە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ ئوقۇتۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

9. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ سوت ـ ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارغا سوت ئاچقاندا سىياسىي

مەھبۇسلارنىڭ ئادۋوكات ياللىشىغا رۇخسەت قىلىشى توغرىسىدا ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

10. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، تەرەققىي قىلىشقا يول قويۇش، ئۇيغۇرلارغا سۆز ـ مەتبۇئات ئەركىنلىكى بېرىش توغرىسىدا ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

11. 1998 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ ئامېرىكا خەلقى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇر تىلىدا بولۇم ئېچىپ بەرگەن ئىدى، ئۇيغۇر خەلقى 116 يىلدىن كېيىن تۇنجى قېتىم سۆز ئەركىنلىكىگە ئېرىشكەن ئىدى. بىراق، خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى رادىئو ئاڭلىتىشقا كاشىلا پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رادىئو ئاڭلىشىغا توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى. كىشىلىك ھوقۇق قاتارىدا ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ قىلمىشىغا جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلىمىز.

# ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بوش

مەن ۋە ئۇيغۇر خەلقى سىزنىڭ تاشقى سىياسىتىڭىزنى قوللايمىز.

تېررورىستلارغا ئەڭ ئاخىرغىچە زەربە بېرىش كېرەك، - دەپ ئويلايمىز.

ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بوش!

ئىراق بۇ كىچىك مەملىكەتتە ئاياللار دېموكراتىك سايلامغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى.

ئافغانىستان بۇ كىچىك مەملىكەتتە بېشىغا پەرەنجە ئارتىپ يۈرگەن مۇسۇلمان ئاياللار مەكتەپلەرنىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى. رەھمەت ئامېرىكا خەلقى، رەھمەت پرېزىدېنت بوش.

مېنىڭ ئىسمىم رابىيە قادىر.

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە سىزنىڭ ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ بېسىمى ئارقىلىق، خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى مېنى تۈرمىدىن قويۇپ بەردى. 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋاشىنگتونغا كەلدىم. ئامېرىكا دېموكراتىك دۆلەتنىڭ دېموكراتىك تۈرمۇشىدىن بەھرىمەن بولدۇم. بىر كۈن توختىماي ھازىرغىچە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى ئېلىپ باردىم. مەن سىزگە، ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىدىن قىسقىچە دوكلات بېرىمەن.

1. خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى 1987 ـ يىلىدىن باشلاپ، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇردى. جان كىرىپ بولغان بالىلارنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ نارەسىدەلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلدى...؟ ئانىلارغا ئۇۋال بولدى.

2005 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 9- 5 يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 19.66% تىن 2003 ـ يىلى 16% كە چۈشۈپ ئۈچ مىليون بوۋاق ئاز تۇغۇلدى، دېدى[1]. «شىنخۇاشى ئاگېنتلىقى» 2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خەۋەر ئېلان قىلىپ: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1975 ـ يىلىدىكى 24.36%تىن 2004 ـ يىلىدىكى 10.91% كە، تۇغۇلۇش نىسبىتى 1975 ـ يىلىدىكى 33.10% تىن 2004 ـ يىلىدىكى 16% كە چۈشتى، ـ دەپ ئېتىراپ قىلدى.

ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بوش!

خىتاي مىللىتىنىڭ نوپۇسى 1 مىليارد 300 مىليونغا يەتتى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ئېتنىك مىللەت ئۇيغۇرلارنى سەككىز مىليون دەپ جاكارلىغان ئىدى. 18 يىلدا «شىنجاڭ» ئۇيغۇر

[1] «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 2005 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى.

ئاپتونوم رايونىدا ئۈچ مىليون بوۋاق كەم تۇغۇلغان بولسا، يەنە 20 يىلدا ئېتنىك مىللەت بۇ ئۇيغۇرلار يەر شارىدىن پاك ـ پاكىز غايىب بولىدۇ. ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بۇش ئۇيغۇرلارغا ئىچ ئاغرىتىپ قويۇڭ.

2. خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى 2003 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، ئالىي مەكتەپلەردە خىتاي تىلىدا مەجبۇرى ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى. ئۇيغۇر مائارىپى تۈگەشتى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يېڭىچە دەۋرگە ئۇلاشمايلا چېكىندى.

3. 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ خىتاي كۆچمەنلىرى بۇ ئۆلكە «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا توختىماي ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈردى. خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە خارابلاشتى. خىتاي كۆچمەنلىرى يەر، سۇ، يايلاقلىرىمىزنى تارتىۋالدى.

مەسىلەن، 2004 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىسار ناھىيەسىدە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 792 يۈەن بولدى. شەھەرلەردە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 9976 يۈەن بولدى. خىتاي كۆچمەنلىرى شەھەرلەردە ياشايدۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرى يېزىلاردا ياشايدۇ[1].

[1] «شىنجاڭ يىلنامىسى» خىتايچە نەشرى 2004 ـ يىل 467 ـ بەت.

4. خىتاي كۆچمەنلىرى ئۆزلۈكسىز كۆچۈپ كىرگەنلىكتىن «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى قانۇنسىز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇتۇنكۇزا كۆلى قۇرۇپ كەتتى، لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى. ئىبىنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى، ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا ــ تارىم دەرياسى قۇرۇپ كەتتى. ئۇيغۇرلار ئەگەر هايات قالساق كەلگۈسىدە قەيەردە ياشايمىز؟ يەر ئاستى سۈيى 50 مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتتى.

بىز ئۇيغۇرلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامە، خىتاپنامەلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەش يولىنى تاللىۋالدۇق.

ئامېرىكا خەلقىنىڭ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاللاھ سىزگە يار بولسۇن پرېزىدېنت بوش ئەپەندى!

ئاللاھ ئامېرىكىغا يار بولسۇن ئامېرىكا خەلقى!

رابىيە قادىر

2006 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

# ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى ئېتنىك مىللەت ئۇيغۇرلار كىم؟

2006 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدۇ. 15 ـ ئەسىردە يېزىلغان «تارىخى رەشىدى»دە، ئۇيغۇرلار ياشىغان ماكان ئۇيغۇرىستان دەپ، 1884 ـ يىلى مانجۇلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قالغاندىن باشلاپ «شىنجاڭ» دەپ، ھازىرقى زامان تارىخىدا ئۇيغۇرلار ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇرغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان دەپ، ئاتىلىپ كەلگەن.

بۇ ۋەتەن ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي ـ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، تېررىتورىيەسى شەرقتىن ـ غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىڭ كىلومېتىر، جەنۇبتىن ـ شىمالغا كەڭلىكى 1650 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 1950 ـ يىللاردا 1 مىليون 9 يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دەپ جاكارلىغان. ھازىر خىتاي كوممۇنىستلىرى 1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دەپ ئېلان قىلماقتا.

شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) شەرق تەرەپتىن: گەنسۇ، چىڭخەي، تىبەت قاتارلىق ئۆلكىلەر بىلەن؛ غەرب تەرەپتىن: قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان؛ غەربىي ـ جەنۇبتىن: ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان؛ شىمال تەرەپتىن: موڭغۇلىيە، رۇسىيە، يەنە قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرالىنىدۇ.

ئۇيغۇرىستان (شەرقىي تۈركىستان) نىڭ جەنۇبىغا قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرى، غەربىگە پامىر تاغلىرى جايلاشقان، ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي ـ شىمال قىسمىغا ئالتاي تاغ تىزمىلىرى جايلاشقان، ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ، غەربىي ـ جەنۇبىدىكى پامىر ئېگىزلىكى بىلەن شىمالدىكى ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇر ئىدارىسىنىڭ سىمۋولى، ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ غۇرۇرى ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرى جايلاشقان. تەڭرىتاغلىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئۇيغۇرىستان دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. خانتەڭرى چوققىسى ۋە بوغدا چوققىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك چوققىلىرىدۇر.

تەڭرىتېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىغا ـــ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان ئويمانلىقلار ـــ تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، ئىلى ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى جايلاشقان. بۇ ئويمانلىقلار تارىختىن بېرى ئۇيغۇرلارغا بوستانلىقلارنى، دەريالارنى بەخش ئېتىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەرخىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇپ كەلگەن.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزى قىسمىغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقى جايلاشقان. كۆلىمى 337 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ئېتىكى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى

تەخمىنەن 380 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ ئويمانلىق ھېسابلىنىدۇ. تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا چوڭ- كىچىك تارىم دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ئىلى دەرياسى قاتارلىق دەريا ئېقىنلار بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى ئۇيغۇرىستان ئىسمى - جىسمىغا لايىق تەبىئىي بايلىققا ئىگە گۈزەل ئۆلكە، گۈزەل ۋەتەن، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇرىستاننىڭ تاغ - ئېدىرلىرى، ھەتتا چۆل - جەزىرىلىرى، قۇملۇقلارنىڭ قوينى ئاجايىپ مول بايلىقلار بىلەن تولغان. ھازىرغىچە قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان ۋە خىتاي كۆچمەنلىرى پايدىلىنىۋاتقان كان مەھسۇلات بايلىقلىرى، نېفىت، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قوغۇشۇن، قەلەي، قاشتېشى، گۈڭگۈرت، بور، نىكېل، ئاش تۇزى، ئۇدان (35)، ئۇران(37)، مانگان، خروم، بېرىللى، لىستى، نىئوبى قاتارلىق رەڭلىك، رەڭسىز مېتاللار، مەدەنلەر 137 خىلدىن ئاشىدۇ. خوتەننىڭ قاشتېشى قەدىمدىن تارتىپ دۇنياغا مەشھۇر. ئويمانلىق بوستانلىقلاردا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، قوناق، ئارپا، شال، پاختا، قىچا، زاغۇن، زىغىر، كۈنجۈت قاتارلىق زىرائەتلەر ۋە ھەرخىل كۆكتات، ھەرخىل مېۋىلەر ئۆستۈرۈلىدۇ.

تېرىلغۇ ئومۇمى يەر مەيدانى 9 مىليون 330 مىڭ گېكتار، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 8 مىليون تونىنا ئەتراپىدا، يىللىق

پاختا مەھسۇلاتى 1 مىليون 570 مىڭ توننا، تەبىئىي ئوتلاق 48 مىليون گېكتار، ئورمان 4 مىليون 839 مىڭ گېكتار، ياغاچ زاپىسى 250 مىليون كۇب مېتىر، سۇ زاپىسى 88 مىليارد كۇب مېتىر.

ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ نېفىت مۆلچەرى بايلىقى 21 مىليارد توننا (1 توننا قانچە بارىل؟) تەبىئىي گاز مۆلچەر بايلىقى 11 تىرلىيون كۇب مېتىر.

«شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئۇيغۇرىستاننىڭ چارۋىچىلىقى ـ يايلاق كۆلىمى 720 مىليون مودىن ئاشىدۇ. (خىتاي بىرلىكى). چارۋا ماللارنىڭ تۈرلىرى كۆپ، قوي، كالا، ئات قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك چارۋىلارنىڭ سانى 34 مىليون 700 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق. ئەپسۇسكى بۇ يايلاقلار ھازىر خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ قولى بىلەن بۇزۇلماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى

مىللەت نامىنى ئادەملەرنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي بەلگىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

تارىخشۇناس، مىللەتشۇناس، تىلشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىمنىڭ ھېچقانداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماي تۇراقلىق ھالدا ئىستېمال قىلىنىپ كەلگىنىگىلا ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن بولغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەنگلىيەلىك ئالىم ھېنرى پولى 3 ـ

ئەسىردە ياشىغان يۇنان جۇغراپىيونى پىتولمىنىڭ «جۇغراپىيە» دېگەن ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر ئويغارد Oikhdai Oechur دېگەن ئىسىملارنى مىسالغا ئېلىپ بۇلار ھازىرقى ئۇيغۇرلاردۇر، دېگەن ئىدى.

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ پارسچە «خوز ـ خور» دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكى بايان قىلىنىپ، ئۇ سۆزنىڭ يۇنانلىق ئالېكساندىر ماكادونىسكى ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا ئۆزى دۇچ كەلگەن جەڭچىلەرنىڭ ئوقيا ئېتىشتىكى چېۋەرلىكىگە ھەيران قېلىپ شۇنداق ئىسىم قويغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

(2) بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا ئوتتۇرا دەۋر تىلىدىكى «ئۇرغۇر» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېيىشىدۇ. (1) مىسالدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئالېكساندىر ماكادونىسكىنىڭ ئۇيغۇرلارغا «خوز ـ خور» دەپ ئىسىم بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىش ئارقىلىق «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىمنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا بار ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن. «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىمنىڭ «چېۋەر، باتۇر» دېگەن سۆز ئىكەنلىكى، «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىمنىڭ ئۇيۇشقاق، يېپىشقاق، ئىتتىپاقلاشقۇچى دېگەن مەنىلەرنى بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا تارىخچىلار، تىلشۇناسلار سۆزلەپ ئۆتۈشكەن.

ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەمدە قېرىنداشلىرى تورالار، ھونلار، ساكلار ئۇزاق تارىختىن بېرى بىپايان زېمىنىدا ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم دۆلەت قۇرغان ئىدى.

1. ھون ئىمپېرىيەسى؛ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 204ـ يىلىدىن 216 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن).

2. ياۋروپا ھون ئىمپېرىيەسى؛ (مىلادى 375 ـ يىلىدىن 468 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن).

3. ئاقھون (ئەفتالىت) ئىمپېرىيەسى؛ (مىلادى 420 ـ يىلىدىن 565 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن).

4. كۆك تۈرك خانلىقى؛ (مىلادى 551 ـ يىلىدىن 745 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن).

5. ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقى؛ (مىلادى 646 ـ يىلىدىن 845 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن).

6. ئۇيغۇر كەڭسۇ دۆلىتى؛ (مىلادى 870 ـ يىلى قۇرۇلغان).

7. ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى (مىلادى 850 ـ يىلىدىن 1212 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن).

8. ئۇيغۇر ـ ئىدىقۇت دۆلىتى؛ (مىلادى 850 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن).

9. غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى؛ (مىلادى 960 ـ يىلىدىن 1187 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن).

10. ئۇلۇغ سەلجۇقىلار سۇلتانلىقى؛ (مىلادى 1040 ـ يىلىدىن 1157 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن).

11. خارەزىم شاھ دۆلىتى؛ (مىلادى 1172 ـ يىلىدىن 1231 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن).

12. ئالائىددىن ئەرەتنا سۇلتانلىقى؛ (مىلادى 1341 ـ يىلىدىن 1381 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن).

13. سەئىدىيە خانىدانلىقى؛ (مىلادى 1504 ـ يىلىدىن 1678 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن).

14. ئۇيغۇر قەشقەرىيە دۆلىتى (مىلادى 1856 ـ يىلىدىن 1884 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن).

19ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چار رۇسىيە ۋە بۈيۈك بىرىتانىيە (ھىندىستاندا ئىدى) ئوتتۇرا ئاسىيانى مۇستەملىكە قىلىشنى تالىشىپ دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشغالىيەت، تەسىر دائىر تالىشىش جەھەتتە كەسكىن ئېلىشىپ چار رۇسىيە بىلەن بىرىتانىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتىلغان سىياسىي تالاش ـ تارتىشى ئافغانىستانغا مەركەزلەشكەن. ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى قەشقەر ئۆلكىسى شۇ چاغدا چار رۇسىيە موزىكىلىرىنىڭ كۆزى چۈشكەن ھەم بۈيۈك بىرىتانىيە ئىستىلا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن مۇقەددەس ئۆلكە بولۇپ قالغان ئىدى. 1856 ـ يىللىرى چار رۇسىيەلىك موزىكلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى — قوقان، بۇخارا، خىۋە خانلىقلىرىنى ئىستىلا قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئوردا مۇلازىم ياقۇپبەگ قوقان شەھىرىدىن

قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كۇچا شەھەرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇيغۇر قەشقەرىيە دۆلىتىنى قۇردى. تېزلىكتە شىمالدا ئالتاي، ئىلى، ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرىنى بويسۇندۇرۇپ ئازاد قىلىپ پۈتۈن ئۇيغۇرىستاننى بىرلىككە كەلتۈردى. (خىتاي تارىخچىلىرى ھازىرغىچە ياقۇپبەگنى ئەنگلىيەنىڭ جاسۇسى دەپ ئەيىبلىمەكتە). بىراق، ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋاملاشالمىدى. خىتاي تېررىتورىيەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مانجۇلار 1875 ـ يىلى چار رۇسىيەلىك موژىكلارنىڭ قورال ـ ياراغ، ھەربىي مۇلازىمەت ياردىمىگە ئېرىشىپ، ھەربىي قوماندانى خىتاي زوزۇڭتاڭنى غەربكە ـــ (ھازىرقى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى) بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئەنگلىيەنىڭ شياڭگاڭدا قۇرۇلغان بوستۇن بانكىسى پۇل چىقىرىپ، مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ھەربىي قوماندانى زوزۇڭتاڭغا ياردەم قىلدى.

زوزۇڭتاڭ 1877 ـ يىلى قەشقەر ئۆلكىسىدە 600 مىڭ ئۇيغۇرنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇيغۇر ـ قەشقەر دۆلىتىنى ئاغدۇردى.

شۇ چاغلاردا برىتانىيەلىكلەرنىڭ قەشقەر ئۆلكىسىنى ئىستىلا قىلىشىغا چار رۇسىيەلىك موژىكلار ھۆكۈمىتى يول قويمىدى، چار رۇسىيەلىك موژىك تاجاۋۇزچىلار ئۇيغۇرنىڭ ئىلى، قەشقەر قاتارلىق ئۆلكىلىرىنى بېسىۋالماقچى بولغاندا (شۇ ۋاقىتلاردا چار رۇسىيە ئۇيغۇرنىڭ ئىلى ئۆلكىسىنى 12 يىل بېسىپ ياتقان) برىتانىيەلىكلەر يول قويمىدى.

زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى شۇ دەۋرگە يېتىپ كەلگەندە 1900 ـ يىللاردىن باشلاپ شىمالىي ياۋروپادا گېرمانىيە قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ باش كۆتۈرگەندە چۆچۈپ كەتكەن چار رۇسىيە بىلەن بۈيۈك برىتانىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا سىياسىي تاۋىكىنى يىغىشتۇرۇپ تەسىر دائىرە ۋە مۇستەملىكە تالىشىشنى ئاخىرلاشتۇردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىگە كەلگەندە چار رۇسىيە مۇرىتكلىرى ۋە برىتانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ساڭىمۇ يوق، ماڭىمۇ يوق سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇيغۇرلار ئۆلكىسىنى مانجۇ ـ خىتاي خانىدانلىقىغا قارام (مۇستەملىكە) قىلىپ بەردى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۈنجى قېتىم مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىنىڭ پاجىئەلىك تارىخى ئىدى. دەسلەپتە 1856 ـ يىلى ئەنگلىيە، چار رۇسىيە، تۈركىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ياقۇپ بەگ قۇرغان قەشقەرىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىپ ئەلچىلەرنى، ۋەكىللەرنى ئەۋەتىشكەن. (كىرو پاتكىن چار رۇسىيەنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە قەشقەر ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن چېگرا سىزىقى بەلگىلەشكە يېتىپ كەلگەن).

شۇنداق قىلىپ مانجۇ خانىدانلىقىنىڭ ئەسكىرى قوماندانى زوزۇڭتاڭ 1884 ـ يىلى قەشقەرىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ ئۆلكىگە «شىنجاڭ» يېڭى يەر دەپ، ئىسىم قويدى. بۇ چاغ خىتاي مىللىتى، مانجۇ مىللىتىگە مۇستەملىكە بولۇپ تۇرغان چاغ ئىدى.

26 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 1911 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇرى تۆمۈر خەلپە ئۇيغۇرنىڭ ئۆلكىسى قۇمۇل ۋىلايىتىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مانجۇ خانىدانلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتاي مىلىتارىستلىرىنى تامامەن يوقاتتى. بىراق، چار رۇسىيە جاھانگىرلىكى مانجۇ مىلىتارىستلىرىغا تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ نوم ئېغىزى ئارقىلىق ئوق ـ دورا، قورال ـ ياراغ، ئاشلىق، كىيىم ـ كېچەك ياردەم قىلىپ، تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنى يەنە بىر قېتىم مانجۇ مىلىتارىستلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇيغۇرنىڭ قەشقەر، خوتەن ۋىلايىتىدە سابىت داموللا، مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەت رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇرلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەشقەر شەھرىدە مۇستەقىللىق جاكارلىدى. ستالىن 1934 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ تېرەك ئېغىزىدىن قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنى ۋە ھاۋا قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ 1937 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلارنى قىرغىن قىلىپ مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى يوقىتىپ، ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىنى يەنە بىر قېتىم خىتاي مىلىتارىست شىڭشىسەيگە تاپشۇرۇپ بەردى.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ،

ئۇرۇش ئوتىنى پۈتۈن ئۇيغۇرىستانغا كېڭەيتىپ، ئۇيغۇر قوراللىق مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى ئارقىلىق ئىككىنچى قېتىم «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ چىققاندا، 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چاقىرىلغان «خەلقئارا «يالتا يىغىنى» مەخپىي شەرتنامە ئىمزالاپ، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن موسكۋادا، ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ («جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامەسى») نى ئىمزالىشىغا پرىنسىپ، رامكا بەلگىلەپ بەردى. يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. يۇقىرىقى شەرتنامەلەر ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەتنى مۇنقەرز قىلىپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۆلكىسىنى خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە يەنە بىر قېتىم قوشۇپ بەردى. ئۇيغۇرلار ئىككىنچى قېتىم قۇرغان دۆلەت «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» 1944 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە بەش يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خىتاينىڭ كوممۇنىست پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئاتالمىش ئازادلىق ئارمىيەسى ئاتالمىش شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. بۇنىڭدىن ئاۋۋال ھەتتا ستالىن خىتاينىڭ گېنېرالى ۋاڭ جىنىنى ھەربىي ئايروپىلانغا ئولتۇرغۇزۇپ قارا شەھەر ئەتراپىغىچە ھاۋادا ئايلاندۇرۇپ، خىتاينىڭ ئاتالمىش ئازادلىق ئارمىيەسىنى ئۇيغۇرىستانغا يۆتكەپ كىرىشكە، سوۋېتلار ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي ماشىنىلىرىنى ئاجرىتىپ بەرگەن ئىدى.

2003 ـ يىلــــى 5 ـ ئاينىـــــڭ 25 ـ كـــــۈنى خىتــــاي مۇســـتەملىكەچىلىرى «شــىنجاڭ مەسىلىــسى توغرىــسىدا ئــاق تاشلىق كىتاب» ئېلان قىلىــپ، ئۇيغۇرلارنىــڭ 20 ـ ئەســرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرىدا ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. لېكىن «ئاق تاشلىق كىتاب» ئاپتورلىرى بۇ دۆلەت نېمىشقا مەغلۇپ بولدى دەپ، سوئال قويمىدى ياكى جاۋاب بەرمىدى.

1950 ـ يىللاردىـــن تــاكى هــازىرغىچە ئۇيغــۇر خەلقــى هەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم قوراللىق، قورالسىز ئىنقىلاب، نامايىش، قــوزغىلاڭ كۆتــۈرۈپ خىتــاي مۇســتەملىكەچىلىرىنىڭ مىللىــي هۆكۈمرانلىقىنى ئىزچىل رەت قىلىــپ كەلدى. (خىتــايچە نەشىر قىلىنغان «دۆلەت مەنپەئەتى هەممىدىن ئەلا») ماۋزۇلۇق كىتابتا شۇنداق ئېتىراپ قىلىندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى

ئۇيغۇرلار تارىختا ئاساسلىقى بۇددا ۋە كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. هەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە يەنە ئۇچرىشىمىغان دەرىجىدە شامان دىنى، خرىستىئان دىنى، زەردوش دىنى قاتارلىق دىنلارغىمۇ ئېتىقاد قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ يېزىقى

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ئۇزۇن مــۇرەككەپ تــارىخى جەريانــدا ۋە هازىرغا قەدەر ئــۆز تىلىنــى ئىزچىل هالدا ئورتاق ئالاقىلىشىش قورالى قىلىــپ كەلدى.

مەلۇمكى ئۇيغۇر تىلى — ئالتاي تىل سىستېمىسى، تۈركى تىللار ئائىلىسى، غەربىي ھون تىل تارمىقى، ئۇيغۇر ـ قارلۇق تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ تىلدۇر.

مەلۇمكى يېزىق — تىل ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، تىلنى خاتىرىلەيدىغان بەلگە (يېزىق) بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق ـ تىل قوللانغىنىغا ئىككى مىڭ يىل بولغانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بۇ ئۇزاق تارىخى جەريانىدا مانى يېزىقى، بىراھما يېزىقى، سوغدى يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز تىلىنى ۋە تارىخىنى خاتىرىلەپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىل سەنئىتى

بىز بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرى، ئەپسانەلىرى، ساددا ئالەم قاراشلىرى ئېغىز ئەدەبىياتى (فولكلور)، يازما ئەدەبىياتى (كلاسسىك ئەدەبىياتى)، چۆچەكلەردە ئىپادە تاپقان تۇرمۇش قاراشلىرى، تەبىئەت قاراشلىرى، بېيىت ـ قوشاقلىرى، ئەتراپتىكى دۆلەت ۋە مىللەتلەرگىمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن ناخشا ـ غەزەللىرى قاتارلىق تىل سەنئىتى ئادەتلىرى توغرىسىدا كۆپ توختالمىدۇق.

ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت ئادەتلىرىگە كەلسەك، ئۇيغۇرلار قېرىنداش مىللەتلەر تەرىپىدىن «ناخشا ـ ئۇسسۇلچى مىللەت»

دەپ نام ئالغان ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت خۇمارلىقى، ئۇسسۇل، مۇزىكا، ئويمىچىلىق، (نەققاشلىق)، ھەيكەلتىراشلىق، ھۈنەر ـ سەنئەت، رەسساملىق، كەشتىچىلىك قاتارلىقلارنى ئىجتىمائىي كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار مىللەت خاراكتېرىگە، مەنىۋى تەلەپلىرىگە مۇناسىپ ئىجاد قىلىپ كەلگەن مىللەتتۇر.

ھەرىكەت سەنئىتى ياكى ھەرىكەت تىلى دەپ ئاتىلىدىغان ئۇسسۇل ۋە ئاۋاز سەنئىتى ياكى مۇزىكىلىق تىل دەپ ئاتىلىدىغان مۇزىكا، ئۇيغۇر سەنئىتى بويىچە كەڭ ئومۇملاشقان سەنئەت ژانىرىدۇر.

ئۇيغۇرلار مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ خورىماس مەنبەسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى مۇجەسسەملەشتۇرگەن مۇزىكىلىق دەستۇر، مۇزىكىلىق داستان بولۇپ، مەيلى ئەنئەنىۋى نەغمىلەر ياكى ھازىرقى يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىك بەدىئىي مۇزىكا ئىجادىيەتلىرى بولسۇن ھەممىسى «ئون ئىككى مۇقام»غا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

ئۇيغۇر چالغۇلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ موللىقى، كۆپ خىللىقىغا مۇناسىپ ئۇنىڭغا تىل ـ جان كىرگۈزىدىغان چالغۇ ـ ئەسۋابلىرىمۇ ھەر خىل، ئاساسلىقلىرى 27 خىل بولۇپ، چالغۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ شەكلى تۆت ـ بەش خىلغا يېتىدۇ.

مەسـىـلەن، راۋاب، قەشـقەر راۋابـى، دولان راۋابـى، قـومچى راۋابـى، تەكەممۇل راۋابى دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى

نوپـۇس ــ ئاھـالىنى ستاتىـستىكا قىلىـش خىتـاي مۇسـتەملىكەچىلىرىنىڭ سىياسـىتىدە ئىنتـايىن يـۇقىرى دەرىجىلىـك مەخپىـي خـىزمەت بولـۇپ، 1950 ـ يىللاردىـن ھازىرغىچە خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى خىلمۇخىل مەلۇم قىلىپ كەلدى.

1900 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار 3.291145 نەپەر؛

1949 ـ يىلى ئۇيغۇرلار 8.500.000 نەپەر؛

1979 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار 5.641.593 نەپەر؛

1982 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار 5.986.869 نەپەر؛

1992 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار 7.302.178 نەپەر؛

1993 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار 7.589.468 نەپەر؛

1996 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار 8.746.379 نەپەر؛

خىتاينىـڭ رەئىـسى جياڭ زېمىـن 18 ـ كۈنىـدىن باشـلاپ غەربىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرققە ئالتە دۆلەتكە زىيارەتكە بېرىـشتىن ئـاۋۋال 1999 ـ يىلـى 10 ـ ئاينىـڭ 12 ـ كـۈنى خىتـاي تاشـقى ئىـشلار مىنىـستىرلىقىنىڭ ستاتىستىكىـسىغا ئاساسـلىنىپ، ياپونىيىنىـــڭ گېزىتـــى»، «ئـــۆتكەن يىـــل خىتايدىن 4170 نەپەر مۇسۇلمان ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ قايتىپ كەلدى» ماۋزۇلۇق خەۋىرىدە: خىتايدا ئىسلام

دىنىغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 17 مىليون 600 مىڭ دەپ كۆرسەتتى[1].

بۇنىڭدىن بۇرۇن 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان)نىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە ئۇيغۇرلار نامايىش قىلىپ مۇستەقىللىق بەرھەق دېگەندە خىتاي ئارمىيەسى تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندىن كېيىن «ۋاشىنگتون پوست گېزىتى»گە ئىمزالىق ماقالە يازغان مورا مۇنخەي 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «خىتاي نامىدىن قورقۇدۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 20 مىليون دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. بىز ئۇيغۇرلار مۇشۇ سانىنى ئېنىق ستاتىستىكا دەپ ھېسابلاپ تىلىمىزغا ئالدۇق ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا شۇنداق مەلۇم قىلدۇق.

ئۇيغۇرلار زېمىنىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى

قازاقلارنىڭ نوپۇسى 1.196.416 نەپەر (1993)، بۇ قازاقلارنىڭ بىر قىسمى تارىختىن بېرى ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن، قازاقلارنىڭ بىر قىسمى چار رۇسىيە قازاق دالاسىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، يەنە بىر قىسمى 1917 ـ يىلى رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان) ئاپتونوم رايونىغا قېچىپ كەلگەن.

---

[1] خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان شۇ كۈنلۈك «دۇنيا گېزىتى»گە قارالسۇن.

تۇڭگانلار  86.6700 نەپەر (2004)
موڭغۇللار  16.6900 نەپەر (2004)
قىرغىزلار  17.3700 نەپەر (2004)
تاجىكلار  36.108 نەپەر (2004)
شىبەلەر  4.0300 نەپەر (2004)
مانجۇلار  2.3900 نەپەر (2004)
ئۆزبېكلەر  14600 نەپەر (2004)
رۇسلار  11.100 نەپەر (2004)
تاتارلار  4900 نەپەر
كۆچمەن خىتايلار 7.497.400 نەپەر

بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆزبېكىستانى بار؛ قازاقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قازاقىستانى بار؛ تاجىكلارنىڭ تاجىكىستانى بار؛ قىرغىزلارنىڭ قىرغىزىستانى بار؛ ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئايرىم ـ ئايرىم دۆلەت بولۇپ قۇرۇلدى. شۇ دۆلەتلەردە ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى بىلەن «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، (ئۇيغۇرىستان)دا ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ياشاۋاتقان يۇقىرىقى مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى تامامەن ئوخشاش. بىرلا خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەردۇر.

1950 ـ يىللاردىن بۇرۇن «شىنجاڭ»دا ئولتۇراقلىشىپ ياشايدىغان خىتايلار يوق دېيەرلىك ئىدى. 1945 ـ يىلى گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان)غا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە ئائىلە ـ

تاۋابىئاتلىرىنى بىللە ئېلىپ كىرگەن تەخمىنەن 200 مىڭ نەپەر ئەتراپىدا ئەسكەر ۋە پۇقرالار «شىنجاڭ»دا تۇرغۇزۇلغان.

7 مىليوندىن ئارتۇق خىتاي پۇقرالىرى 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن، «شىنجاڭ»غا قانۇنسىز كۆچۈپ كىرگەن قانۇنسىز كۆچمەن خىتايلاردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنى

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى 1955 ـ يىلى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نى قۇرۇپ چىقتى. بىراق، ھوقۇق ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا خىتاي كۆچمەنلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ كەلدى. بۈگۈن ئۇيغۇرلار ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، ھەربىي ئىشلار، سەھىيە تارماقلىرى، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى قاتارلىق ساھەلەردە خىتاي كۆچمەنلىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى 1987 ـ يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (ئۇيغۇرىستان) دا، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئۇيغۇرلارغا قارىتىپ، شەكلى ئۆزگەرگەن مىللىي ئېتنىك تازىلاش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلدى.

1991 ـ يىللار بولۇپمۇ 1997 ـ يىلى ۋە 2001 ـ يىللاردىن باشلاپ خەلقئارا تېررورىستلارغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ ئۈچ خىل كۈچلەر ــ دىنىي رادىكالىست، مىللىي بۆلگۈنچى، ئاتالمىش تېررورىستلارغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى

يولغا قويۇپ، ئىدىيەۋى مەسىلىلەرگە ئائىت ئادەتتىكى نارازىلىقنى تىنچ يول بىلەن ئىپادىلىگەن ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۇچ خىل كۈچلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرى تۈزگەن قانۇنلارنىڭمۇ سىرتىدا باستۇردى. كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە كۆزەتكۈچى تەشكىلاتنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى 1997 ـ يىلىدىن تاكى ھازىرغىچە 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكى مەلۇم بولدى.

1989 ـ يىلى تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىن قولغا ئېلىنغان خىتاي سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ بىرسىگىمۇ قانۇنلۇق سوت ۋە ھۆكۈم ئارقىلىق ئۆلۈم جازاسى بېرىلمىگەن.

دېمەك، ئۇيغۇر بىلەن ئوخشاش جىنايەت ئۆتكۈزگەن خىتاي پۇقرالىرى بىلەن ئۇيغۇرلار قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولالمىدى. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى داۋاملىق تەكرارلايدىغان قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، دەيدىغان ئۇقۇمنىڭ ساختىلىقى بۇ يەردە تولۇق ئاشكارا بولدى.

مىللەتنى مىللەت قىلىدىغان ئۇچ خىل ئامىل ــ تىل، دىن، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇيغۇرلار مىللىي خاسلىققا ئىگە. خىتاي مىللىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچقانداق ئوخشاشلىقى يوق، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى 55 يىلدىن بېرى «شىنجاڭ» (ئۇيغۇرىستان)دا ئۇيغۇرلارغا تەرجىمان ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى. بۇنداق پاجىئەنى ئىنسانىيەتنىڭ مۇستەملىكە

تارىخى ھەرقانداق ماكان، ھەرقانداق زاماندا ھېچ تەكرارلانمىغان ئىدى.

پايدىلانغان كىتابلار

«شەرقىي تۈركىستان قوللانمىسى» ئىستانبۇل نەشرى

«ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

«شىنجاڭنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» خىتايچە نەشرى

«شىنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ قۇت نىشانى»، «شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر» نەشرىياتى.

ئىلاۋە: بۇ ماقالە 2006 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنىگە تەييارلانغان ۋە شۇ كۈنگە ئۈلگۈرتۈپ تەرجىمە قىلىنىپ شۇ كۈنى زالنىڭ ئىچىدە ۋە كارىدوردا ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويۇلدى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنىگە مەرھۇم تام لەنتوس ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا قىممەتلىك، تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىدى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئىشخانا مۇدىرلىرى، كاتىپلىرى، ئالاھىدە ياردەمچىلىرى بولۇپ، جەمئىي 80 دىن ئارتۇق كىشى ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنىگە ئىشتىراك قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنى كۆردى ۋە ئاڭلىدى.

بۇ ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن ماقالە، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئابدۇلھېكىم باقىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشى ئارقىلىق نەشرگە تەييارلاندى.

# ھۆرمەتلىك دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى!

مەنكى رابىيە قادىر، ئامېرىكا خەلقى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولۇپ، 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئامېرىكىغا كېلىپ بالىلىرىم بىلەن جەم بولدۇم.

تۈرمىدىن چىقىدىغان چاغدا خىتاينىڭ ساقچىلىرى:

ــ سەن رابىيە قادىر ئامېرىكىدا كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان بولساڭ، ئۈرۈمچىدە قالغان بەش بالاڭنى، سودا ـ تىجارەت شىركىتىڭنى ئۇيىلاپ قوي، دېگەن ئىدى.

2005 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تەكلىپ بىلەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈم.

2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خىتاينىڭ 300 نەپەر قوراللىق ساقچىسى، مېنىڭ ئەقىدە شىركىتىمگە ھۇجۇم قىلىپ، شىركەتنىڭ 20 يىللىق توختام، ھۆججەت، باج تاپشۇرغان تالونلىرىنى ۋە باشقا نەق پۇل چېكى قاتارلىق ماتېرىياللارنى 15 سومكىغا قاچىلاپ بۇلاپ چىقىپ كەتتى.

شىركەتنىڭ دىرېكتورى ئايشەم كېرەمنى، كاتىپى روزى مەمەتنى ئۇردى ۋە ئارقىدىن قولغا ئالدى.

2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى نازارىتى باياناتچىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ يۇقىرىقى ئادەم ئۇرۇش، شىركەتنىڭ ھۆججەت ـ ماتېرىياللىرىنى بۇلاپ چىقىپ كېتىش قىلمىشىنى ئىنكار قىلىپ، خەلقئارا ئاخباراتچىلارغا يالغان خەۋەر تارقاتتى.

2005 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيەنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن، بېيجىڭدا خەلقئارا ئاخباراتچىلارغا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى چاقىرىپ:

رابىيە قادىر 60 مىليون يۈەنگە قەرزدار، گېرمانىيەدە تېررورىستلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت بايرىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولدى، ـ دېدى. تۆھمەت چاپلىدى.

2005 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەخپىي ئىشلار ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە (307) ـ نومۇرلۇق ئىشخانا قۇرۇپ، «ئەقىدە شىركىتى»نىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى ۋە بۇ شىركەتكە كېلىپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنى سىياسىي تەقىپ ئاستىغا ئالدى.

2006 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خىتاي ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوراللىق ساقچىلىرى ئوت ئۆچۈرۈش «ئەسلىھەلىرى ناچار» دېگەن سەۋەبنى باھانە قىلىپ، «ئەقىدە شىركىتى» گە يەنە ھۇجۇم قىلىپ، ساقچىلار ئوغلۇم ئالىم ئابدۇرېھىمنى ئوتتۇرىغا قورشىۋالدى. ئىككى مىڭدىن ئارتۇق

ئۇيغۇر تىجارەتچى، ئوغلۇم ئالىم ئابدۇرېھىمنىڭ كەينىدە پولات قورغان بولۇپ قاتار تۇرغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي ساقچىلار دۈەيلىشىپ، مىللىي توقۇنۇش پارتلاشقا قىل ئارىلىقى قالغاندا خىتاي ساقچىلىرى تۇيۇقسىز چېكىندى.

2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ۋەكىللىرى تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. شۇ پەيتتە خىتاي ساقچىلىرى مېنىڭ پەرزەنتلىرىم ئالىم ئابدۇرېھىم، ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىم، روشەنگۈل ئابدۇرېھىملارنى «نەنگۈۋەن» ساقچى ئىدارىسىگە نەزەربەند قىلدى. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى، بالىلىرىمنى نەزەر بەندتىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلەتكەندىن كېيىن، ساقچىلار بالىلارنى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە نەزەربەند قىلدى.

2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ساقچىلار رابىيە قادىرنىڭ پەرزەنتلىرىگە ساختا مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ «نەنسەن» ئۈرغولغا ــ گۈل تەكچىگە ئېلىپ چىقىپ ئوينىتىپ كەلمەكچى بولدى. ماشىنا شەھەر سىرتى ـ ئۆلانبايغا يېتىپ كەلگەندە، ساقچىلار مېنىڭ پەرزەنتلىرىم ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىمنى، ئالىم ئابدۇرېھىملارنى ماشىنىدىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ قاتتىق ئۇردى. تېلېفونى مېنىڭ قىزىم

روشەنگۈلنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، تاياق يېگەن باللىرىمنىڭ نالە ـ پەريادىنى ماڭا ئاڭلاتتى، مېنىڭ يۈرىكىمنى مىجىماقچى بولدى... مەن بىر ئانىغۇ؟! باللىرىمنى ئۇرۇپ بولۇپ تۈرمىگە ئېلىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىزىم روشەنگۈل ئابدۇرېھىمنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە نەزەربەند قىلدى. تۆت نەپەر نەۋرەمنى، بىر نەپەر كېيئوغلۇمنى، بىر نەپەر كېلىنىمنى (ئالىم ئابدۇرېھىمنىڭ ئايالى) قاتارلىقلارنى قارا ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا نەزەربەند قىلدى.

2006 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خىتاينىڭ ساقچى ئىدارىسى قولىغا ئېلىش ئۇقتۇرۇشىنى، قىزىم روشەنگۈل ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ بەردى.

ئالىم ئابدۇرېھىم ــ ۋەتەننى پارچىلاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى، باج ئوغرىلىدى دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىندى.

ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىم ــ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرماقچى بولدى، دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىندى.

قاھار ئابدۇرېھىم ئاقسۇ كونا شەھەردىكى ئۆيىدىن تۇتۇپ كېلىندى ــ باج تاپشۇرمىدى، دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىندى. باج تاپشۇرغان ھۆججەت ۋە تالۇنلارنى خىتاي ساقچىلار 2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بۇلاپ چىقىپ كەتكەن، مېنىڭ پەرزەنتلىرىم نېمىگە ئاساسلىنىپ ئۆزلىرىنى ئاقلايدۇ؟

«شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت، ساقچى ئىدارىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى، باج ئىشلىرى ئىدارىسى، سۇ

ئىشلىرى ئىدارىسى سۇ توختىتىپ، توك ئىدارىسى توك توختىتىپ، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئورۇنسىز جەرىمانە قويۇپ «ئەقىدە شىركىتى»نىڭ سودا ـ تىجارىتىگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى.

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى مەن رابىيە قادىر قولغا ئېلىنغان كۈندىن باشلاپ تاكى 2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ساقچىلار «ئەقىدە شىركىتى»گە ھۇجۇم قىلغۇچە خىتاينىڭ يۇقىرىقى ساقچى ۋە مەمۇرى ئورگانلىرى «ئەقىدە شىركىتى»نىڭ سودا ـ تىجارىتىگە توسقۇنلۇق قىلىپ كەلدى. شىركەتكە ئىقتىسادى بېسىم ئىشلەتتى. ھەتتا، بۇ شىركەتكە توختام بىلەن قەرز بەرگەن بانكىنىڭ كادىرلىرىنىمۇ قولغا ئالدى. شىركەتكە، باللىرىمغا سىياسي بېسىم ئىشلەتتى، ساقچىلار باللىرىمنىڭ ئۆيلىرىنى نازارەت قىلدى. تىجارەت ۋە باشقا پائالىيەتلىرىنى تەقىب قىلدى. «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ «ئەقىدە شىركىتى»گە، مېنىڭ باللىرىمغا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي زىيانلىرى، چەكتىن ئېشىپ كەتكەن سىياسىي بېسىملىرى توغرىسىدا مېنىڭ باللىرىم ماتېرىيال تەييارلاپ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلگەن ۋەكىللىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزماقچى بولغاندا مېنىڭ باللىرىم... قولغا ئېلىندى.

2006 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

# ئاق سارايغا يېزىلغان خەت

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەتىنىڭ ھۆرمەتلىك رەھبەرلىرىگە:

ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بوش:

كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، نورۋېگىيە رافتۇ فوندى جەمئىيەتى قاتارلىق خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى پاش قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كۆڭۈل بۆلدى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى كۆڭۈل بۆلدى.

2007 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى پىراگا شەھىرىدە پرېزىدېنت بوش ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتا ئۇلارا بوش خانىممۇ رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشۈپ شۇنىڭغىچە يەر شارىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئىگىسىز، باشپاناھسىز تاشلىنىپ قالغان ئۇيغۇر مىللىتى بىر دەقىقىدە دۇنيا بويىچە

ئەڭ بەختلىك، دۇنيانىڭ كۆزى چۈشكەن بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. رەھمەت ئامېرىكا خەلقى!

چەكسىز سۆيۈنۈشكە، چەكسىز ئىلھامغا، چوڭقۇر مۇھەببەتكە ئېرىشكەن ئۇيغۇرلار، بۈگۈن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە يوللايدىغان كۆڭۈل رىشتىنى پىكىر ــ تەلەپلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئىزھارلىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى ھازىرغىچە توختاتمىدى. بۇ يىل 1 ــ ئاينىڭ 8 ــ كۈنى سىياسىي مەھبۇس ئىسمائىل سەمەتكە ئۆلۈم جازاسى بەردى (بۇ كىشىنى پاكىستان ھۆكۈمىتى 2003 ــ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن). خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئۇيغۇرلارغا قارىتىپ، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنى پىلانلىق ئۆلتۈرۈش سىياسىتىنى توختاتمىدى. مەسىلەن، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنخۇاشى ئاگېنتلىقى 2005 ــ يىل 5 ــ ئاينىڭ 22 ــ كۈنى مۇنداق خەۋەر تارقاتتى:

ئىگەللىشىمىزچە نەچچە يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە زور نەتىجەلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلدى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 3 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئاز تۇغۇلغان. نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1975 ـ يىلىدىكى 24.36% تىن 2004 ـ يىلىدىكى 10.91%كە، تۇغۇلۇش نىسبىتى 1975 ـ يىلىدىكى 33.10% تىن 2004 ـ يىلىدىكى 16% كە تۆۋەنلىگەن[1].

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلىتىنىڭ ھۆرمەتلىك رەھبەرلىرى:

ئۇيغۇرلار خىتاي خەلقىگە سىڭىشتۇرغاندا ئاز سانلىق ئېتنىك مىللەتقۇ! پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئۇيغۇرلارغا قارىتىشنىڭ كەينىگە قانداق غەرەز يوشۇرۇنغان؟

خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مائارىپىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىش سىياسىتىنى زوراۋانلىق بىلەن يولغا قويدى. ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىپ خىتاي تىلىدا ئوقۇشقا زورلانغان 12 ياشلىق ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ سانى 5 مىڭدىن 10 مىڭغا كۆپەيتىلدى. ھازىر ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان يېزا ـ كەنتلەردە، يەسلىلەردە، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خىتاي تىلىدا مەجبۇرى ئوقۇتۇش يولغا قويۇلدى... خىتاي تىلى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەردىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خىتاي ئوقۇتقۇچىلارنى يۆتكەپ كېلىپ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇردى.

---

[1] ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى 2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى.

ھۆرمەتلىك دۆلەت رەھبەرلىرى:

خىتاي كوممۇنىستلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى ئېتنىك مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش سىياسىتىنى زوراۋانلىق بىلەن يولغا قويغانلىقى، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارغا ئەڭ ئېغىر كەلگەن پاجىئە ھېسابلاندى.

تېررورىستلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكا ئارمىيىسى 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كەلدى. «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئافغانىستانغا چېگرالىناتتى. 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى ئافغانىستانغا چېگرالىنىدىغان ئۇيغۇرنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا، خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە مەجبۇرى يۆتكەپ كېتىشكە باشلىدى. مەسىلەن، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت تور بېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىگە ئاساسلىنىپ ئاشكارىلىشىچە، 2006 ـ يىلى بىر يىلدا «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت، ئۇيغۇرلاردىن جەمئىي 1 مىليون 150 مىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكىگەن بولۇپ، بۇ يىل (2007 ـ يىل)بۇ سانى يەنە كۆپەيتىپ 1 مىليون 200 مىڭغا يەتكۈزمەكچى بولدى[1].

---

[1] ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇر بۆلۈمى 2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تارقاتقان خەۋەر.

ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا، خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىش ھەرىكىتىنى خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى «ئېشىندى ئەمگەك كۈچلىرى»، «ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى بېيىتىش يولى»، «تېخنىكا ئۆگىنىش يولى» دەيدىغان چىرايلىق ناملار بىلەن نىقابلىدى.

«ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئىجتىھاتلىق مۇخبىرلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ پاھىشەخانىلارغا سېتىلغانلىقى مەلۇم بولدى. زاۋۇتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر قىزلىرىغا مائاش بېرىلمىدى، بىر موچەنلىك پۇلنى يۈزىگە ئېتىپ، سېنىڭ مائاشىڭنى سېنى بىزگە ئەۋەتىپ بەرگەن ئورگانلارغا بېرىپ بولدۇق، دېدى. ھازىر خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىگە بىردىن قىز بېرىش توغرىسىدا بېسىم ئىشلىتىپ، قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا، خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىشكە قوشۇلمىغان ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلار مەجبۇرى ئەمگەككە ۋە ھاشارغا ھەيدەلدى، تۈرمىلەرگە تاشلاندى، جەرىمانە تۆلەشكە مەجبۇرلاندى. خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇل ـ قىز ياشلىرىنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەيدۇ؟

1. ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش؛ 2. ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش؛ 3. ئۇرۇشقا يەنى رايون خاراكتېرلىك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش؛

(ئامېرىكا ئارمىيىسى «شىنجاڭ»غا چېگرا بولغان ئافغانىستانغا يېتىپ كەلگەندە) بىز 3 ـ مەسىلە توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى:

ئامېرىكىدا تەتقىقات ئورگانلىرى، ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى توغرىسىدا، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەربىي كۈچى توغرىسىدا، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىشتى. ھەتتا دۆلەت مەجلىسىنىڭ بەزى ئەزالىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ بەزى گېنېراللىرى تەيۋەن بوغۇزىدا ئۇرۇش پارتلايدىغان بولسا، تەيۋەننىڭ دېموكراتىيەسىنى قوغداش ئۈچۈن ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئارىلىشىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشتى. ئەگەر شۇنداق ئۇرۇش بولىدىغان بولسا، يەر شارىنىڭ قايسى بۇرجىكىدە قۇرۇقلۇقتا خىتاينىڭ ئازادلىق ئارمىيەسى ئامېرىكا ئارمىيەسىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى مۇمكىن؟

ئامېرىكا ئارمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيادا، ناتو ئافغانىستاندا ھەربىي بازا قۇردى. شۇنداق ئىكەن خىتاينىڭ ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن ئامېرىكا ئارمىيەسى ئۇرۇش قىلىدىغان ئورۇن «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بولۇپ قالامدۇ؟ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەگەر باشقىچە غەرىزى بولمىسا نېمىشقا ئۇيغۇرنىڭ قورال تۇتالايدىغان، ئۇرۇش قىلالايدىغان ئوغۇل ـ قىزلىرىنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىدۇ؟

نىمىشقا خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئىچكىرى خىتايدىن يۆتكەپ كېلىپ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ؟ ئۇيغۇرنىڭ زىيالىيلىرى، ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي ئاكتىپلىرى ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىۋاتقان خىتاي كوممۇنىستلىرى ئەمەلىيەتتە رايون خاراكتېرلىك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ دېيىشتى.

ھازىرغىچە ياكى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ياكى كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىشىنىڭ ھەقىقىي سىرىدىن خەۋەردار بولالمىدى. ھەتتا 2000 ـ يىللاردىن باشلاپ خىتاينىڭ ھەربىي كۈچى توغرىسىدا ھەر يىلى يىللىق دوكلات ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان بەش بۇرجەكلىك بىنا، تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ھەربىي تەڭپۇڭلۇقى توغرىسىدىلا توختىلىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەربىي قۇرۇلۇشى، ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ۋە بۇ رايونغا ھەربىي يۆتكەش قاتارلىق مەقسەتلىرى توغرىسىدا ھەرگىز توختالمىدى. ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر ياشلىرى ۋاقتانى ـ ۋاق كەلگەندە ئامېرىكا ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلماسمىدى ؟

سىياسى ئارزۇ ۋە تەلەپلىرىمىز:

1. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مىللەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا؛ ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك سالاھىيىتى، تارىخى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيىتى، تىلى ۋە «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن بۇ زېمىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى ئىكەنلىكى توغرىسىدا؛ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (ئۇيغۇرىستان)نىڭ تاجاۋۇز قىلىنغان دۆلەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەلقئارا قانۇنلارغا، نىزامنامىلارغا بىرلەشتۈرۈپ قانۇن لايىھە ماقۇللاپ بېرىشىنى ۋە بۇ قانۇن لايىھەنى پرېزىدېنتنىڭ تەستىقلاپ بېرىشكە يوللاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا سىياسىي پاناھلىق بەرگەنلىكىدىن كۆپ مىننەتدار بولدۇق.

بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا سىياسىي مۇساپىرلىق سالاھىيىتى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

3. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشىغا ۋە ئامېرىكا بۇ دۆلەتنىڭ ھەرخىل ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىشكە ئېرىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

4. ئامېرىكىدا قۇرۇلغان ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(ئەلۋەتتە دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئامېرىكا خەلقىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپتىن ـ كۆپ مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.)

5. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ «ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسى»دا ئۇيغۇر تىلىدا پروگراما ئېچىپ بېرىشىنى ۋە «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى»دا ئىشلەشكە چۈشكەن ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ۋاقىت تەرتىپىنى يەنە بىر سائەت ئۇزارتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

6. كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا ئېلىپ بارغان سۆھبەتلەردە خىتاي ھۆكۈمىتىگە تېخىمۇ قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر قىزلىرى ۋە ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە مەجبۇرى يۆتكەپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا؛ ئۇيغۇر تىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە خىتاي تىلىدا ئوقۇتۇشنى مەجبۇرى يولغا قويغانلىقى توغرىسىدا؛ خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكى توغرىسىدا؛ خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كۆچۈپ كىرىپ ئۇيغۇرلارنى ئىشسىز قالدۇرغانلىقى؛ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى بۇزغانلىقى ۋە

«شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، نوپۇس ـ ئاھالە تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزغانلىقى توغرىسىدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا قانۇنلار ئاساسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ قانۇنى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

7. ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇقلىرى توغرىسىدا قانۇن لايىھە ماقۇللىشىغا، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

8. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، جەنۇبىي ئاسىيادا پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپلىرى بويىچە بېسىم ئىشلىتىپ، سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلغان ئۇيغۇرلارنى، سىياسىي مۇساپىرلارنى شۇ دۆلەتلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىكى توغرىسىدا دىپلوماتىك سۆزلىشىش ئېلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەرگە ئۇيغۇر مەسىلىسى بويىچە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ ئالاقىدار دۆلەتلەردە قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. مەسىلەن، «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» ئۇيغۇر

بۆلۇمىنىڭ ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا 2006 ـ يىلىدىن بۇيان قازاقىستاندا قازاق ساقچىلىرى قولغا ئالغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ سانى ئالتە نەپەردىن ئېشىپ كەتتى[1].

9. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ كۈچىنى ۋە دىپلوماتىيە ساھەسىدە قۇدرەتلىك كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا ۋە خەلقئارا ئىسلام ئىتتىپاقى ۋە خەلقئارا ئەرەبلەر ئىتتىپاقىغا بېسىم ئىشلىتىپ ئەرەبىستاندا قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە، خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرمەسلىكى توغرىسىدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىشى ئۈچۈن، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

10. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيەلىك سىياسەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز، ئۈمىد قىلىمىز ۋە تەلەپ قىلىمىز. ئامېرىكا بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان سىياسىتىدە

---

[1] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شۇنداق ئاڭلاتتى.

ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى مەركىزى ئورۇنغا قويۇشىنى تەلەپ قىلىمىز.

11. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئاسىيا ئىشلىرى بۆلۈمىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە مەخسۇس ۋەكىل تەيىنلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

12. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى 1943 ـ يىلى رىچارد ئىرمۇندى ئەپەندىنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇل قىلىپ تەيىنلىگەن، تارىخى تەرتىپلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ بۈگۈن ئۈرۈمچىدە كونسۇل تۇرغۇزۇشىنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز.

13. 2001 ـ يىلى يەر شارىدا تېررورىستلارغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، پۇرسەتتىن پايدىلانغان خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى «تېررورىستلار»، «دىنىي رادىكالىستلار» دەيدىغان جىنايەت تۈرلىرىنى، قانۇنىنىڭ سىرتىدا سىياسەت بىلەن ئىجرا قىلىپ گۇناھسىز ئۇيغۇرلارنى قولغا ئالدى. بۇ ئۇيغۇرلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

14. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ھەر يىلى ئاساسلىقى دېگۈدەك ئىسرائىللار بىلەن پەلەستىنلەر مەسىلىسىگە قاراپ كەلدى، كىشىلىك

هوقــۇق مەسىلــىسى بــويىچە ئىـــسرائىلىلار ئەيىبلەنــدى. كــىشىلىك هوقــۇق كــومىتېتى دۇنيانــىڭ باشــقا جايلىــرىغــا، بولۇپمۇ خىتاي كومىمۇنىستلىرى دەپسەندە قىلغان كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسىگە سەل قارىدى. ئاڭلاشقا قوپال بولسىمۇ تۆۋەندىكى ئىشلارنى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇشنى لايىق تاپتۇق . ئىسرائىل دۆلىتى پەلەستىنلەرنىڭ نامــايىش قىلىــشىغا، ئەركىنلىــك تەلەپ قىلىــشىغا ھەتتــا، قولىغا قورال ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىدىغۇ؟ ئەكسىچە، خىتاي كومىمۇنىستلار ھۆكۈمىتى بىر پارچە ماقالە يازغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر تــوختى مۇزاتقا 12 يىللىق قاماق جازاسى؛ بىر پارچە نەسىر يازغانلىقى ئۈچۈن نۇر مەمەت ياسىنغا 10 يىللىق قاماق جازاسى؛ كومپيۇتېرغا ماقالە يازغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ ئوغلۇم ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىمغا توققۇز يىللىق قاماق جازاسى بەردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك هوقۇق كــومىتېتى پۈتــۈن دۇنيانــىڭ كــىشىلىك هوقــۇق خاتىرىسىگە كۆڭــۈل بۆلەمدۇ يــاكى ئــايرىم رايــون، ئــايرىم دۆلەتلەرنىڭلا كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلەمدۇ؟ شۇڭا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ قۇدرەتلىك دىپلوماتىك كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك هوقۇق كومىتېتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە يەنە بىر قېتىم ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

15. ئۇيغۇرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى چەكلەش دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تەقىپ قىلىش «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت» نامىدا جىنايەت ياساپ چىقىپ، ئۇيغۇرنىڭ دىنىي ئاكابىرلىرىنى قولغا ئېلىشنى توختىتىش توغرىسىدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

* * * * *

ھۆرمەتلىك ئامېرىكا خەلقى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوڭ قولى كۆكسىدە سالام ئامېرىكا!

تۆۋەندىكى تەلەپلىرىمىزگە، ئۈمىدلىرىمىزگە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ، ئاقساراي ــ دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى پرېزىدېنت بوش لاتۋىيەنىڭ پايتەختى رىگا شەھرىدە نۇتۇق سۆزلىگەندە: «يالتا يىغىنى ئىنتايىن زور خاتالىق بولغان ئىدى» دەپ كۆرسەتكەن ۋە شەرقىي ياۋروپا خەلقلىرىدىن ئەپۇ سورىغان ئىدى. «يالتا يىغىنى»غا مۇناسىۋەتلىك سابىق سوۋېتلەرنىڭ شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنى ئۆزىنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنى ئەزگەنلىكى توغرىسىدا رۇسىيە فىدىراتسىيەسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ شەرقىي

ياۋروپا ئەللىرى خەلقلىرىدىن ئەپۇ سورىشىغا پرېزىدېنت بۇش ھەيدەكچىلىك قىلدى.

2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ب ب س مۇنداق خەۋەر تارقاتقان ئىدى:

«رۇسىيە فىدىراتسىيەسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن مۇشۇ ھەپتىنىڭ بېشىدا گېرمانىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، سوۋېتلار ھۆكۈمىتى 1989 ـ يىلى بايانات ئېلان قىلىپ، سوۋېتلار بىلەن گېرمانىيە ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا 1939 ـ يىلى ئىمزالانغان مولوتوپ (رۇسىيەلىك) دىمىنتىروپ (گېرمانىيەلىك) قول قويغان «روسىيە گېرمانىيە شەرتنامەسى» ستالىننىڭ شەخسى قارارى بولۇپ، سوۋېت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بالتىق بويىدىكى ئۈچ دۆلەتكە شۇ چاغدا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا سابىق سوۋېتلار ئەپۇ سورىغان ئىدى. يەنە قايتا ئەپۇ سوراشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دېدى، ۋىلادىمىر پۇتىن.

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر!

ئۇيغۇر خەلقى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدا 1911 ـ يىلى، 1924 ـ يىلى، 1933 ـ يىلى، 1944 ـ يىلى جەمئى تۆت قېتىم ئىنقىلاب قىلىپ 1933 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم، 1944 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرغان ئىدى. قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقى ئىككى قېتىم

مۇستەقىللىق جاكارلىغان ئىدى. بىراق 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق قەشقەردە قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتنى 1934 ـ يىلى ستالىن قوراللىق قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇردى. 1944 ـ يىلى «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستاننىڭ ھازىرقى ئىلى ۋىلايىتىدە ئۇيغۇرلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجا شەھرىدە ئۇيغۇرلار مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇردى. دەسلەپتە ستالىن خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسىدە بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن پايدىلانغان بولسا، كېيىن ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەتنى خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە «شەرتنامە» ئارقىلىق سېتىۋەتتى. مەسىلەن:

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا، «يالتا يىغىنى»نىڭ رامكىسى ئىچىدە جۇڭگو ـ سوۋېت سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلدى. ئوتتۇرىدا «جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامەسى» ئىمزالاندى . شەرتنامەگە جۇڭگو تەرەپنىڭ دىپلوماتىيە ۋەكىلى ۋاڭشىجې، سوۋېت تەرەپنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوپ قول قويدى. تارىخنىڭ بۇ دەقىقەلىرى ئامېرىكىلىق يازغۇچى جون گارۋېر يازغان:

John W. Garver
Chinese Soviet Relations, 1937 ـ 1945
Princeton University Press 1988

ناملىق كىتابتا پاكىتلىق ئىتىراپ قىلىنغان ئىدى.

ئىككىنچى قېتىم جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتلىرى ۋە ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭ 1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ھەمكارلىق شەرتنامەسى» ئىمزالاپ، ستالىن ئوخشاشلا «شىنجاڭ»نى بۇ قېتىم جۇڭگو كوممۇنىست خىتايلىرىغا قوشۇپ بەرگەن. ھەر ئىككى قېتىم شەرتنامە ئىمزالانغاندا قوشۇمچە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مەخپىي كېلىشىم ئىمزالانغان بولۇپ، بىزدەك ئاجىز مىللەت ۋە بۇ مىللەت سياسىي ۋەكىللىرىنىڭ مەخپىي كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولالىشى مۇمكىنمىدى؟ ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىن 1950 ـ يىلى «جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامەسى»نى ئىمزالىغان چاغدا ماۋ زېدۇڭ: «شىنجاڭ مۇستەملىكە» دەپ ئېتىراپ قىلغان ئىدى. تارىخنىڭ بۇ دەقىقەلىرىدىكى ۋەقەلەر يازغۇچى جاڭ رۇڭ بىلەن خالىدەينىڭ:

Mao:The Unknown Story

ماۋزۇلۇق كىتابىنىڭ خىتايچە نەشرى 33 ـ بۆلۈمدە ئېتىراپ قىلىندى.

سابىق سوۋېتلار ھۆكۈمىتى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بىلەن سابىق سوۋېتلار ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 1939 ـ يىلى ئىمزالانغان «سوۋېت، گېرمان شەرتنامەسى»نىڭ ستالىننىڭ شەخسى ئىشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا 1989 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بايانات ئېلان قىلىپ، بۇ شەرتنامەنىڭ مەخپىي ئارخىپىنى پۈتۈن

دۇنياغا جاكارلىدى ۋە بالتىق بويىدىكى ئۈچ دۆلەتتىن ئەپۇ سورىدى. ھازىرغىچە رۇسىيە فىدىراتسىيەسى ھۆكۈمىتى ياكى پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، 1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىككى قېتىم جۇڭگو ـ سوۋېت دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىمزالانغان ھەر قانداق شەرتنامەنىڭ تارىخي خاتالىق ياكى ستالىننىڭ شەخسى ئىشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھازىرغىچە بايانات ئېلان قىلمىدى.

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرى مۇنداق:

ئۇيغۇرلار 1933 ـ ، 1944 ـ يىللىرى قۇرۇلغان دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا روسىيە ۋە جۇڭگو دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان شەرتنامەلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكى ياكى بىر تارىخي خاتالىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا، روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياكى ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ بايانات ئېلان قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ھازىرقى كۈندە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ روسىيە فېدىراتسىيەسى ھۆكۈمىتىگە، ۋىلادېمىر پۇتىنغا ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ياكى مۇشۇ توغرىدا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

1944 ـ يىلى «شىنجاڭ»دا ئىككىنچى قېتىم قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ داھىسى ئەخمەتجان قاسىمى 1949 ـ يىلى 8 ـ

ئاينىڭ27 ـ كۈنى تا س س نىڭ خەۋىرىدە ئايروپىلان هادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلدى دېيىلدى . ئەمەلىيەتتە ستالىن بۇ رەھبەرلەرنى مەخپىي ئۆلتۈردى . ئۇيغۇر خەلقى ھەممىدىن ئاۋۋال مۇشۇ دېلونى روسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە.

رەھمەت سىلەرگە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى ئامېرىكىغا ئاللاھ يار بولسۇن.

ئىلاۋە : ئاقسارايغا يېزىلغان خەت، لورا بوش خانىم رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، سىزنىڭ نېمە تەلىپىڭىز بار، ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە تەلەپلىرى بار دەرھال خەت ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىڭ دېگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاقسارايدا لورا بوش خانىم رابىيە قادىر بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ يۇقىرىقى تەكلىپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن ئۇشبۇ خەت يېزىلدى ۋە دەرھال ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئاقسارايغا يوللاندى.

ھۆرمەت بىلەن رابىيە قادىر

2007 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

# ياخشىمۇ سىلەر كىچىك دوستلار!

نورۋېگىيەنىڭ بېرگېن شەھىرىدە ئۆسمۈرلەرگە ئاتاپ نەشر قىلىنغان بۇ كىتابقا كىرىش سۆز يېزىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن.

مەن ئۇيغۇر، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدۇ، ئۇيغۇرلار ياشايدىغان ۋەتەننىڭ ئىسمى ئۇيغۇرىستان دەپ ئاتىلىدۇ. تەڭرىتاغلىرى ئۇيغۇرىستاننى شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئۇيغۇرىستان دەپ ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. مەشھۇر تەكلىماكان چۆللۈكى جەنۇبىي ئۇيغۇرىستانغا جايلاشقان. يەر مەيدانى 1 مىليون 9 يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. نېفىت ۋە تەبىئىي گاز يەر ئاستى بايلىقى ھېسابلانسا، ئۈران ۋە رەڭلىك، رەڭسىز مېتاللار ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرىنىڭ بايلىقىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 20 مىليون. ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇر قارلۇق تىلىدا سۆزلىشىدۇ. 12 مۇقام ناخشا ـ مۇزىكىلىق ئەسەر، 2005 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خەلق ئېغىز ـ ئەدەبىياتىنى قوغداش ۋە خاتىرىلەش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

ئۇيغۇرىستان 1949 ـ يىلىدىن باشلاپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۆتكەن يىلى ئۆكتەبىردە مەن، نورۋېگىيەنىڭ بېرگېن شەھىرىنى زىيارەت قىلدىم ۋە شەھەر باشلىقىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا

ئېرىشتىم، ئاندىن باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ كىچىك دوستلارنى زىيارەت قىلدىم. كىچىك دوستلار بىلەن بىرگە سۇرەتكە چۈشتۈم، نېمىشقىدۇر مېنى يىغا تۇتۇپ كەتتى، بېرگىن شەھىرىنىڭ ئۆسمۈرلىرى بىلەن ئۇيغۇرىستاننىڭ ئۆسمۈرلىرىنى سېلىشتۇردۇم، ئەركىن دۆلەت، ئەركىن دۇنيا، نورۋېگىيەنىڭ ئەركىن باللىرى، ئۇيغۇرىستاننىڭ دەرد ـ ئەلەملىك باللىرى، ئوقۇشسىز قالغان ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سېتىلىۋاتقان ئۇيغۇر باللىرى كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. ئىككى دۆلەتنىڭ ئىككى خىل ھاياتىنى سېلىشتۇردۇم. يىغلىۋېتىشكە تاس قالدىم.

كىچىك دوستلار مەندەك كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى بىلەن كۆرۈشكەندە ۋە مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىمنى ئاڭلاپ تۇرغاندا ھەيران قالدىم. بېرگىن شەھىرىدە كىچىك دوستلار شۇ تاپتا چوڭ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. سۆيۈندۈم، خۇشاللىقىم ئىچ ـ ئىچىمگە پاتماي قالدى. نورۋېگىيە خەلقى ۋە نورۋېگىيە ھۆكۈمىتى كەلگۈسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق جەڭچىلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپلا تەربىيەلەيدىكەن. نورۋېگىيە خەلقى ۋە ھۆكۈمىتىدىن شۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز مىننەتدار بولدۇم.

ئادەملەرلا ياشايدىكەن بۇ دۇنيادا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى داۋاملىق ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدۇ. كىچىك دوستلار يېتىشكەندە ياكى دۆلەت ئورگانلىرىدا كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ ياكى خەلق ئارىسىدا كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مەن كەلگۈسىگە تولۇق ئىشەنىمەن.

مەن ۋەتىنىمدە ئاددىي ئائىلە ئايالى ئىدىم، تۇرمۇشۇمنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي نامراتلىقى مېنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يىللىق كىرىمى 100 دوللارغىمۇ يەتمەيدۇ... بىر مىللەت ئىقتىسادىي جەھەتتە قەد كۆتۈرمىگەندە سىياسىي جەھەتتە قەد كۆتۈرەلمەيدۇ ـ دېگەن تونۇشقا كەلدىم... سودا ـ تىجارەت ساھەسىدە غەلىبە قىلدىم.

ھەربىر ئۇيغۇر ھەر كۈنى دېگۈدەك كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. ئانىلار خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە دۇچ كەلدى. ئانىلارغا سۈنئىي تولغاق كەلتۈرۈش ئوكۇللىرى مەجبۇرىي ئۇرۇلدى، ئانىلارنىڭ بالىياتقۇسى تۆرەلمە بىلەن قوشۇلۇپ سىرتقا ئېتىلىپ چىقتى.

نامايىشلار، قوزغىلاڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن باستۇرۇلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ئاكتىپلىرى قولغا ئېلىنىشقا، تۈرمىگە، ئۆلۈم جازاسىغا دۇچ كەلدى، ۋەھىمە، تەھدىت، ئادەملەر شۇنداق ياشىدى، ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە شۇنداق تۇرمۇش ئىچىدە ياشىماقتا.

جۈرئەت قەيەردىن كەلدى؟ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقتىم، ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ ئەزالىرى ئۈرۈمچىگە كەلگەندە كۆرۈشمەكچى بولدۇم، ئۇيغۇرلارنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا تەييارلانغان «ئامېرىكا خەلقىگە مۇراجىئەت» ماۋزۇلۇق خېتىمنى تاپشۇرماقچى بولدۇم... قولغا ئېلىندىم.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، رافتو فوندى جەمئىيەتى قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلگەن، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ توختىماي كۈرەش قىلىشى ۋە ئامېرىكا، ياۋروپا پارلامېنتى، نورۋېگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

نورۋېگىيەنىڭ بېرگىن شەھىرىدە كىچىك دوستلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلارنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى كۆرگەندە دېموكراتىك دۆلەتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن باللارنىڭ تەپەككۇرى تۈرمۈشتىن باشلىنىدىغانلىقىنى، تۈرمۈشقا كۆڭۈل بۆلۈش... باللارنىڭ ئەركىن تەپەككۇرىغا ماۋزۇ بولغانلىقىنى كۆردۈم. سىزغان سۈرەتلەردە يارىتىلغان ئوبرازلاردا ئەركىن جەمئىيەت تۈرمۈشىنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆردۈم.

باللار خۇددى كەلگۈسى ھاياتىنىڭ مەنزىرەسىنى سىزىپ بەرگەندەك، كەلگۈسى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ يوللىرىنى ئېچىپ بەرگەندەك ھېس قىلدىم. رەھمەت سىلەرگە نورۋېگىيەلىك كىچىك دوستلار!

گەرچە مېنىڭ ئۈچ بالام قولغا ئېلىنغان، بىر قىزىم نەزەربەند قىلىنغان، چەت ئەللەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىمگە زەربە بېرىش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى مېنىڭ پۈتۈن ئائىلەمنى ۋەيران قىلغان بولسىمۇ، مەن يالغۇز ئەمەس،

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مېنىڭ بالىلىرىم بار، نورۋېگىيەدە بېرگىن شەھىرىدە مېنىڭ بالىلىرىم بار.

دۆلەتلەردىن ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، ئۇيغۇرىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھىرىگە بېرىپ، تۈرمىلەرنى تەكشۈردى. مېنىڭ تۈرمىدىكى بالىلىرىم بىلەن ۋەكىللەر كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى كەسكىن رەت قىلدى. نورۋېگىيە ھۆكۈمىتى ۋە نورۋېگىيە خەلقىگە رەھمەت ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار! رافتو مۇكاپاتىنى ماڭا تەقدىم قىلىپ تۈرمىدىن چىقىشىمغا ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىشىشىغا زور ھەسسە قوشقان رافتو فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىغا، رەھبەرلىرىگە رەھمەت ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار!

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كىشىلىك ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنغان بالىلارنىڭ ... بەخت سائادىتى ئۈچۈن ھەممىمىز بىرلىكتە كۈرەش قىلايلى!

سىلەرنى سېغىندىم.

رابىيە قادىر

2006 ـ يىل 7 ـ سېنتەبىر

# خىتاينىڭ دۆلەت تېررورىزمى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلۈشى

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى مۇستەقىل دۆلەت ئۇيغۇرىستاننى زەپتە قىلدى. دوكتور ئۇمىدۋارنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسلانغاندا، ستالىن ھەربىي توشۇغۇچى ئايروپىلان ۋە ھەربىي ماشىنىلارنى ئەۋەتىپ خىتاينىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنى ئۇيغۇرىستان چېگراسىغا يۆتكەپ كەلگەن. 1950 ـ يىللاردا ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى دەيدىغان سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، خىتاينىڭ گېنېرالى ۋاڭجېن ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدا بەشتىن بىر نەچچىگىچە ئۇيغۇر كىشىلەرگە پومېشچىك، ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتلىرىنى ئارتىپ ئۆلۈم جازاسى بەردى. شۇ چاغدا گېنېرال ۋاڭجېننىڭ 250 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

1950 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلى بىڭتۈەن قۇرۇلغۇچە ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قالغان ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيەسىنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇنىنى ئۆزگەرتىش، يېڭى ئارمىيەگە سەپلەش باھانىسىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە مەجبۇرلاپ، بۇ جەڭگىۋار قوشۇن سازلىقلاردا، چۆللۈكلەردە ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى، بىر كىشىمۇ

ئائىلىسىگە تىرىك قايتىپ كېلەلمىدى. 57 يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلار قانداق قوزغىلاڭ قىلدى ۋە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى قانداق باستۇردى؟ ئەنچۈەنتىك رەتلەپ، يازغۇچى مادا جېڭ يېزىپ چىققان «دۆلەت مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» ماۋزۇلۇق كىتابتا قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر تۆۋەندىكىچە 1950 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگىچە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسىرى راخمانوپ ئىلى ۋىلايىتىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. خىتاي ئارمىيەسى باستۇردى.

1951 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ توققۇز تارا ناھىيەسىدە مالىك ھاجى رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. خىتاي ئارمىيەسى باستۇردى.

1954 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايىتىدە ئابدۇلھېمىت داموللا رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. خىتاي ئارمىيەسى باستۇردى.

1956 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش ناھىيەسىدە باقى داموللا رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. باستۇرۇلدى.

1956 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پوسكام ناھىيەسىدە ئابدۇللا قارىھاجى رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. خىتاي ئارمىيەسى باستۇردى.

1956 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىسار ناھىيەسىدە جېلىل قارى رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. خىتاي ئارمىيەسى باستۇردى.

1957 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خوتەن ناھىيەسىدە خەلىچىخان (ئايال) رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. خىتاي ئارمىيەسى باستۇردى.

1957 ـ يىلى خىتاي مەملىكىتىدە ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش، ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش سىياسىي ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان دائىرىسىدە 200 مىڭدىن ئارتۇق دىنىي ئەرباب، زىيالىيلار ۋە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى قولغا ئالدى. قانچىسى تۈرمىدە ئۆلدى، قانچىسى جەمئىيەتكە قايتىپ كەلدى. ھېسابلىماق تەس.

1958 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1959 ـ يىلغىچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيەسىدە جەمشىتخان رەھبەرلىكىدە قازاق قېرىنداشلارنىڭ قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. خىتاي ئارمىيەسى باستۇردى.

1958 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1959 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە كۆكتوقاي ناھىيەسىدە خالمان رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. خىتاي ئارمىيەسى باستۇردى.

1958 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قۇمۇل ناھىيەسىدە ئەلى قۇربان، سىيىت ھامۇت رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. خىتاي ئارمىيەسى باستۇردى.

1958 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن، 23 ـ كۈنىگىچە چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ شىخۇ ناھىيەسىدە جامىدىن رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. باستۇرۇلدى.

1958 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن، 11 ـ كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيەسىدە ھەسەن تالىپ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. خىتاي ئارمىيەسى باستۇردى.

1962 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە پۇقرالارنى چەتكە قېچىش ۋەقەسى ۋە قوزغىلاڭ پارتلىدى. 100 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ـ قازاق خەلقى ھازىرقى قازاقىستانغا قېچىپ چىقىپ كەتتى. خىتاي ئارمىيەسى باستۇردى. 52 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھازىرغىچە خەلقنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. 1962 ـ يىلى خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى سۈنئىي پەيدا قىلغان ئاچارچىلىق دەۋرىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيەسىدە 20 مىڭ كىشى، شايار ناھىيەسىدە تۆت مىڭ كىشى ئاچارچىلىقتىن ئۆلدى. ئۇنداقتا ئۇيغۇرىستاننىڭ 85 ناھىيەسىدە قانچە كىشى ئاچارچىلىقتىن ئۆلدى؟

1968 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ئۇيغۇرىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بەزى جايلاردا

قـوزغـىلاڭ، بەزى جـايلاردا نامـايىش پارتلـىدى. خىتـاي ئارمىيەسـى باستۇردى. 85 مىڭدىن ئـارتۇق ئۇيغـۇر قولغا ئېلىنـدى. 1980 ـ يىلى قورچاق ساقچى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى سايىم ئەپەندى ئۈرۈمچىدە سەككىز قەۋەتلىك بىنادا دوكلات بەرگەندە بـۇ سانىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە بۇنىڭ ئىچىدە 20 مىڭدىن ئـارتۇق سىياسـي مەھبۇس تۈرمىـدە ئۆلـۈپ كەتتـى، دەپ كۆرسـەتتى. شـۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك 1970 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كـۈنى ئـۈرۈمچى شـەھىرىدە توققـۇز نەپەر ئۇيغۇرغـا، غۇلجـا شـەھىرىدە 22 نەپەر ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

1969 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكىت ناھىيەسىدە، قـاراجۇل يايلىقـىدا ئـاخۇنوپ، مىجىت باتۇر رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، ئاخىرىدا خىتـاي ئارمىيەسـى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى.

1980 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى شـەھەر ئىچىدە زور كۆلەملىك نامايىش پارتلـىدى. خىتـاي ئارمىيەسـى قولغا ئېلىپ باستۇردى. ئىككى مىڭدىن ئـارتۇق ئـادەم قولغـا ئېلىندى.

1981 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كـۈنى يەكەن ناھىيەسىدە سىياسـەت خاراكتېرلىك قـوزغىلاڭ كۆتۈرۈلـدى. قولغا ئېلىپ باستۇردى. (سانى نامەلۇم)

1981 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيەسىدە قـوزغىلاڭ كۆتۈرۈلـدى، باسـتۇرۇلدى. كېيىن

خەلـق ئارىـــسىدا ئېقىـــپ يـۈرگەن سـۆزلەرگە ئاساســلانغاندا 11 مىڭدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى قولغا ئېلىندى.

1981 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كـۈنى قەشـقەر شـەھىرىدە سىياسـەت خاراكتېرلىـك قـوزغىلاڭ كۆتۈرۈلـدى. قولغـا ئـېلىش بىلەن باستۇردى.

1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شـەھىرىدە ئوقۇغۇچىلار سىياسەت خاراكتېرلىك نامـايىش قىلـدى. ھۆكـۈمەت قولغا ئېلىش بىلەن بىر تەرەپ قىلدى.

1988 ـ يىلـى ئۈرۈمچى شـەھىرىدە سىياسـەت خاراكتېرلىـك قـــوزغىلاڭ كۆتۈرۈلـــدى. خىتـــاي ھۆكـــۈمىتى بـــۇ قوزغىلاڭغـــا قاتناشـقانلارنى قولغـا ئـېلىش بىـلەن بىـر تەرەپ قىلـدى. سـانى نامەلۇم. 1990 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسـلانغاندا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان بويلاپ 938 ئورۇنـدا يەر ئاسـتى دىنىـي مەكـــتەپلەر قۇرۇلـــدى. ئوقۇشـــقا كىـــرگەن 10742 نەپەر كىـــشى پۈتۈنلەي قولغا ئېلىندى.

1990 ـ يىلـى 4 ـ ئاينىـڭ 5 ـ كـۈنى ئـاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بـارىن يېزىـسىدا دېھقـانلار قـوزغىلاڭ كۆتـۈردى. قـوزغىلاڭچىلار باستۇرۇلغاندىن كېيىن 10 مىڭدىن ئـارتۇق قـوزغىلاڭچى قولغـا ئېلىندى. بىرنەچچە كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كـۈنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خـوتەن شـەھىرىدە زور كۆلەملىـك دىنىـي ئېتىقـاد، سىياسـەت خاراكتېرلىـك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى قولغا ئېلىش بىلەن باستۇردى.

1995 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىلى ناھىيەسىدە سىياسەت خاراكتېرلىك زور كۆلەملىك نامايىش پارتلىدى. ساقچىلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. يارىدار بولغانلار نامەلۇم (خەلقنىڭ ئىنكاسى)

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە زور كۆلەملىك نامايىش پارتلىدى. بۇ توغرىدا «دۇنيا گېزىتى» 2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مۇنداق خەۋەر تارقاتتى:

قوراللىق ساقچى قىسىملار ۋە ئارمىيە باستۇرۇپ 407 نەپەر نامايىشچى ئۇيغۇر نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈلدى. ھازىرغىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن، تۈرمىدە ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن نامايىشچىنىڭ سانى سەككىز مىڭ نەپەر، ئۇنىڭدىن باشقا 61 مىڭ ئادەم قولغا ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 11 مىڭ كىشىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى.

1999 ـ يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق رەئىسى ئەنۋەرجان ئۇۋمىندا بىر يىغىنغا دوكلات بەرگەندە 1990 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە 700 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالدى.

2004 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خىتاي كۆچمەنلەر ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن 1 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە 22 سىياسىي تەشكىلاتتىن 55 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىنى خەلقئارا ئاخبارات ساھەسىگە ئېلان قىلدى.

2005 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەزكۇر رادىئونىڭ مۇخبىرى ئەركىن ئەپەندى خىتاي تىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان «جۇڭ پايدىلىنىش» گېزىتىنىڭ ماقالىسىدىن ستاتىستىكا كەلتۈرۈپ، 1964 ـ يىلىدىن باشلاپ، لوپنۇردا ئېلىپ بېرىلغان ئاتوم، يادرو قوراللىرى سىناقلىرىدا، ئۇيغۇرلار ۋە يادرو قوراللىرىنى سىناق قىلىشقا قاتناشقان ھەربىيلەر بولۇپ 750 مىڭ ئادەم رادىئاكتىپلىق زەھەرلىنىش بىلەن ئۆلگەن، دەپ كۆرسەتتى.

خىتاي مۇستەملىكەچىلىرىنىڭ كۆچمەنلەر ھاكىمىيىتى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا، ئەكسىلئىنقىلابچى، تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى، يومبىشچىك، زومىگەر يومبىشچىك، يەرلىك مىللەتچى، مىللىي بۆلگۈنچى، بۇزۇق ئۇنسۇر، دىنىي رادىكالىست، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرغۇچى، چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر، تەشكىلات قۇرغۇچى، قورال ـ ياراغ ياسىغۇچى، تېررورىست، تەشۋىق ـ ۋەرەقە تارقاتقۇچى قاتارلىق جىنايەتلەرنى ئارتىپ تەخمىنەن 5.1 مىليوندىن 2 مىليونغىچە ئۇيغۇرنى قەتلى قىلدى.

2007 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

ماتېرىيال: خىتاينىڭ مەخپىي ئىشلار ئىدارىسى رەتلىگەن «دۆلەت مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

# ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بوش

مېنىڭ مىللىتىم ئۇيغۇر، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي بۆلۈكىدە، خىتايلار «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتايدىغان زېمىندا ياشايدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى 20 مىليون[1].

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ھازىر دۆلەت تېررورىزمى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

1. پىلانلىق تۇغۇت نامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش ھوقۇقىنى چەكلىدى.

2. سۆز ۋە پىكىر ئارقىلىق نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىپ، تېررورىست جىنايىتىنى ئارتىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى توختاتمىدى.

3. ئون سەككىز، ئون توققۇز ياشقا كىرگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنى تاللاپ، ئاتا ـ ئانىسىغا بېسىم ئىشلىتىپ، مەجبۇرىي پويىزغا قاچىلاپ ئىچكىرى خىتايغا ئېلىپ كەتتى.

ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا ئېلىپ كېتىش ـــ 2001 ـ يىلى ئامېرىكا ئارمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن 2002 ـ يىللاردا باشلاندى. مەسىلەن: 2006 ـ يىلى بىر

[1] 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ۋاشىنگتون «پوست گېزىتى»دە شۇنداق ئېلان قىلىنغان ئىدى.

يىل ئىچىدە بىرلا يوپۇرغا ناھىيەسىدىن 2450 نەپەر ئۇيغۇر قىز ئىچكىرى خىتايغا ئېلىپ كېتىلدى[1].

4. «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت 2 ـ فېۋرال يىغىن ئېچىپ، 2007 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدە 100 مىڭ نەپەر ئۇيغۇرنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكىمەكچى بولدى[2].

5. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 2005 ـ يىلى 18 مىڭدىن ئارتۇق كىشى سىياسىي سەۋەبلەردىن قولغا ئېلىندى. بۇ خەۋەر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پارتكومىنىڭ ئورگان گېزىتى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى[3]. ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىشنى خىتاي كوممۇنىستلىرى نامراتلارنى بېيىتىش دەپ چىرايلىق ئاتىۋالدى. ئۆز ۋەتىنىدە باي بولالمىغان ئۇيغۇرلار، ئىچكىرى خىتايدا قانداق باي بولىدۇ؟ ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆز نۆۋىتىدە خىتاي كۆچمەنلىرىنى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا يۆتكەپ كەلمەكتە. بۇ قانداق سىياسەت؟ خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش سىياسىتىنى پۈتۈنلەي باشلىۋەتتى.

ھۆرمەتلىك پىرىزىدېنت بۇش

2001 ـ يىلى ئامېرىكا ئارمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستلىرى قورال تۇتالايدىغان،

---

[1] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى.
[2] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاڭلاتتى.
[3] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2006 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.

ئۇرۇش قىلالايدىغان ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەشكە باشلىدى. بۇ ھازىر «شىنجاڭ» ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىتى بولۇپ قالدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ ئۆلكىدە كىم بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى؟

ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بوش بۇ مىللەت ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭ!

2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

رابىيە قادىر

# ھۆرمەتلىك سەنەتورلار!

ھۆرمەتلىك كونگىرىس ئەزالىرى!

ئۇيغۇرلار خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قولغا ئېلىشلىرى ۋە مۇددەتلىك، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىشلىرى ۋە سىياسىي مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشلىرى ئالدىدا چارىسىز قالدى. 2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خىتاي كوممۇنىستلىرى 2003 ـ يىلى پاكىستان خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن سىياسىي مەھبۇس ئىسمائىل سەمەتكە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئېتىپ ئىجرا قىلدى.

خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان يۇقىرى بېسىملىق سىياسەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى مەجبۇرى يولغا قويدى.

2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 1987 ـ يىلىدىن ھېسابلىغاندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇغۇتنى پىلانلىق كونترول قىلىش نىسبىتى %65.99 كە يەتكەن بولۇپ، ئاز تۇغۇش، يېڭىچە تۇغۇت كەيپىياتى بىر خىل ئومۇميۈزلۈك كەيپىياتقا ئايلاندى[1].

ستاتىكىلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا 3 مىليون 500 مىڭ ئادەم ئاز تۇغۇلۇپ، نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن

---

[1] شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى 2006 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى.

كۆپىيىش ۋەزىيىتى ئۆنۈملۈك كونترول قىلىندى، دەپ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇر بەكرى دوكلات بەردى[1].

1 مىلياردتىن ئارتۇق خىتاي مىللىتىنىڭ نوپۇسىنى بۇ تەرىقە چەكلەش نورمال ئىش. ئەمما، 20 مىليون نوپۇسلۇق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنى بۇ يول بىلەن چەكلەيدىغان بولسا، ئۇيغۇرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئەنئەنىسى قوبۇل قىلالمىغاننىڭ سىرتىدا بۇ مىللەت يەنە بىر نەچچە يىلدا يەر شارىدىن غايىب بولىدۇ.

2. تېررورىست، دىنىي رادىكالىست، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىش.

ئاۋۋالقى يىللاردا داۋاملىق باستۇرۇشتىن باشقا، 2001 ـ يىلدىن تاكى ھازىرغىچە خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىشنى جىددىيلەشتۈردىكى ھەرگىز بوشاشتۇرمىدى.

2005 ـ يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى بىر يىل ئىچىدە 18 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى قولغا ئالدى. «شىنجاڭ گېزىتى» بۇ بىر يىل ئىچىدە دۆلەت بىخەتەرلىكى سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنغان. 18227 نەپەر كىشىنىڭ تېررورىستلاردىن تارتىپ بەزى چاغلاردا چەت ئەللىك مۇخبىرلارغا بايانات بەرگەن كىشىلەرگە چېتىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى[2].

---

[1] شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى 2006 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى.

[2] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2007 ـيىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.

3. ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا، خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىش.

ئامېرىكا ئارمىيەسى 2001 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا، خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەشكە باشلىدى. 1950 ـ يىللاردا كورىيە ئۇرۇشى باشلىنىشتىن ئاۋۋال ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىن بىرلىشىپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي ـ شىمالىدا يەنبىيەن، چاڭبەيشەن تاغلىرى ئەتراپىدا ياشايدىغان كورىيانلارنى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۆتكەپ كەتكەن. بۈگۈن ئۇيغۇرلارنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا يۆتكەپ كېتىش خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ قالدى. قورال تۇتالايدىغان، ئۇرۇش قىلالايدىغان ئۇيغۇرلارنى يۆتكەپ كېتىشنى «شىنجاڭ» ھەربىي رايونى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. خىتاي كوممۇنىستلىرى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كىم بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى؟

2006 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدە يوپۇرغا ناھىيەسىدىن خىتايلار ئولتۇراقلاشقان شەندۇڭ ئۆلكىسىگە ئېلىپ كېتىلگەن 2450 نەپەر ئۇيغۇر قىزنىڭ ھەممىسى توي قىلمىغان 15 ياشلىق، 22 ياشلىق ئۇيغۇر قىزلىرى ئىكەن.

2006 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ غولتوغراق يېزىسىدىن خىتايلار ئولتۇراقلاشقان تىيەنجىن، بېيجىڭ قاتارلىق شەھەرلەرگە 600 نەپەر ئۇيغۇر قىز ئېلىپ كېتىلدى[1].

2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئېچىلغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانا مۇدىرلىرى يىغىنىدا 2007 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدە يەنە 100 مىڭ نەپەر ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىش قارار قىلىندى[2].

ھۆرمەتلىك سەنەتورلار ئۇيغۇر بۇ مىللەت خىتاينىڭ سىياسىي بېسىمى ۋە زوراۋانلىقى ئالدىدا ھالاكەتلىك يوقىلىشقا يۈزلەندى.

1. ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ئەزالىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە ئېتنىك مىللەت ئورنىدا مۇئامىلە قىلىپ، بۇ توغرىدا قانۇن لايىھە ماقۇللاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2. ئۇيغۇرلارنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا، ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ پات ـ پات گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

3. ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە داۋاملىق ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

---

[1] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى.

[2] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.

4. كېڭەش پالاتاسى سەنەتورلارنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە مەسلىھەت بېرىپ، ئۇرۇمچىدە كونسۇلخانا قۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

5. مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم 7 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن ئالىم ئابدۇرېھىمغا، تۇرمىدە ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغان ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىمغا سەنەتورلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

6. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇرۇمچىدە شۆبە تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقىشقا سەنەتورلارنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ۋە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

7. ئۇيغۇرلار قۇرغان مۇستەقىل دۆلەتنى — 1945 - يىلى موسكۋا يىغىنىدا ستالىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قوشۇپ بەرگەن ياكى سېتىپ بەرگەن ئىدى. بۇ دېلونى ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ تارىخى پۇرسىتى كەلدىمۇ، - يوق؟ سەنەتورلارنىڭ ئويلىشىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

خىتاي ھۆكۈمىتى قاتتىق بېسىمغا ماقۇل دەيدىغان يۇمشاق ۋاستىلەرگە ماقۇل دېمەيدىغان ھۆكۈمەتتۇر.

2007 - يىلى 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

رابىيە قادىر

# ئامېرىكا كونگرېسىگە

ئوغلۇم ئالىم ئابدۇرېھىم 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى. 2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

ئوغلۇم ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىم ـــ 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى. تۈرمە دوختۇرىنىڭ ئوغلىمىز قاھار ئابدۇرېھىمغا ئېيتىپ بېرىشىچە، خىتاي كوممۇنىستلىرى مەخپىي سوت ئېچىپ، 2008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مەخپىي ھۆكۈم قىلدى. ئوغلۇم ھازىر ھۆكۈمنامىنى كۈتۈپ تۇرۇۋېتۇ. دوختۇر يەنە ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىمنىڭ ئېغىر كېسەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بىر ئىلاجى قىلمىساڭلار تۈرمىدە داۋالاش ئۈنۈم بەرمىدى، دەپتۇ.

مەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بالىلىرىمنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىپ ئامېرىكىدا داۋالىنىشىغا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن. مېنىڭ بالىلىرىم ھەم مەن ھەم خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ شىركىتىمگە ۋە بالىلىرىمغا قويغان جەرىمانىسىنى ئېتىراپ قىلمايمىز. مېنىڭ بالىلىرىم گۇناھسىز، مېنىڭ شىركىتىم گۇناھسىز، مېنىڭ ئائىلەم خىتاينىڭ ئالدىدا گۇناھسىز ئائىلىدۇر.

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

رابىيە قادىر، سىدىق روزى

# ھۆرمەتلىك خانىملار! ئەپەندىلەر!

مېنىڭ ئىسمىم رابىيە قادىر.

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خىتاي تىلىدا (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) دەپ ئاتىلىدىغان زېمىنىدا ياشايدۇ. «ۋاشىنگتون پوست» گېزىتى 1999 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 20 مىليون دەپ ئېلان قىلغان ئىدى.

خىتاي كوممۇنىستلار ئارمىيەسى 1949 ـ يىلى ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن كۈندىن باشلاپ، ھەرخىل سىياسىي ھەرىكەتلەرنى قوزغاپ، جۈملىدىن ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش، خەلق كوممۇنىسى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى، مەنىۋى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇش، تېرورىستلارغا قارشى تۇرۇش، دىنىي رادىكالىستلارغا قارشى تۇرۇش دەيدىغان سىياسىي ھەرىكەتلەرنى قوزغاپ 57 يىلدىن بېرى ئۇيغۇرلارنى توختىماي باستۇرۇپ كەلدى.

خەلقئارا تېرورىزمغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربنىڭ ئارمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا چېگرادىش قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ھەربىي بازا قۇرغاندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلارنى

باستۇرۇشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. بارلىق ئۇيغۇرلارغا تېررورىستلار، دەپ مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. 2003 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈشنى بىكار قىلىپ، خىتاي تىلىدا دەرس ئۆتۈشنى يولغا قويدى. 1987 ـ يىلى تۈزۈپ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ۋەھشىيلەشتۈرۈپ، ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنى بىر پەرزەنت كۆرۈشكە مەجبۇرلاپ، توختامغا قول قويدۇرۇپ خىلاپلىق قىلغان ئائىلىلەرنى قولغا ئالدى ياكى ئۇلارغا ئېغىر ئىقتىسادىي جەرىمانە قويدى.

2006 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى نۇر بەكرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپ، 1987 ـ يىلىدىن باشلاپ 2004 ـ يىلىغىچە 3 مىليون 500 مىڭ بوۋاقنىڭ كەم تۇغۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ بىر ئاددىي مىسال. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۇيغۇر بۇ مىللەت يەنە قانچە يىل بەرداشلىق بېرىپ ئاندىن قايسى يىلى، قايسى كۈندە يەر شارىدىن غايىب بولىدۇ؟ غەرب دۇنياسىغا، ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارغا مۇراجىئەت قىلىمەن، ئۇيغۇر بۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە رېئال تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈڭلار!

ئۇيغۇرلارنى پىلانلىق تۇغۇت نامىدا شۇنداق ئۆلتۈرۈشنى يولغا قويغان خىتاي كوممۇنىستلىرى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى توختىماي يۆتكەپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇتىنى، تەبىئىي كۆپىيىش هوقۇقىنى چەكلەپ «شىنجاڭ»غا خىتاي كۆچمەنلىرىنى توختىماي يۆتكەپ كېلىش بۇ قانداق سىياسەت؟

تەكلىماكان چۆللۈكىنى ياخشى بىلىسىلەر. «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرغاق زېمىن، سۇ بولمىسا خىتاي كۆچمەنلىرى قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ؟ هازىر بۇ زېمىننىڭ تەبىئىي سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. تۇرپاندا كارىزلار ئۆرۈلۈپ چۇشۇشكە باشلىدى. خوتەننىڭ قاشتېشى كولىنىپ تۈگىدى، بۇ توغرىدا دۇنيا مەتبۇئاتلىرىمۇ خەۋەرلەر ئېلان قىلدى. ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا — تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بەزىدە سۇ بار، بەزىدە سۇ يوق ئۆزۈلۈپ ئاقىدىغان بولدى. شىمالدا ئېبىنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى، جەنۇبتا لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى، شىمالدا قاناس كۆلىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى بۇلغىنىشقا باشلىدى. باي ناهىيەسىدە مىڭ ئۆي — بۇددىزم دەۋرىگە ئائىت بىزەكلىك غارلىرىمۇ تىتىرەپ، ئاسارە - ئەتىقەلەر غارى ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىدى.

«شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئورمانغا باي ئۆلكە ئىدى. ياغاچ كېسىش بۇگۈنكىدەك سۈرئەتتە داۋاملىشىدىغان بولسا، تاغلاردىكى ئورمانلار يەنە 25 يىلدا كېسىلىپ تۈگەيدۇ. بۇ ئۆلكىدە ئېكولوگىيە بۇزۇلۇپ كەتسە، بۇ مەسىلە ئۇيغۇرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپلا قالماي، بەلكى هالقىپ چىقىپ پۈتۈن دۇنيانىڭ مەسىلىسى بولۇپ قالامدۇ؟

هازىر ئۇيغۇرلارغا يەنە يېڭى تەھدىت يېتىپ كەلدى. 2006 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدە بىرلا يوپۇرغا ناھىيەسىدىن 2450 نەپەر ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا ـــ خىتايلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا يۆتكەپ كەتتى، پەيزاۋات ناھىيەسىدىن 600 نەپەر 14 ـ 16 ياشلىق ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا ـــ خىتايلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا يۆتكەپ كەتتى. باشقا ناھىيەلەردىن يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى تېخى مەلۇم ئەمەس. غەرب دۇنياسى ئاق كۆڭۈل ئىنسانلار، ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭلار[1]. شۇنداق خورلۇق، مىللىي كەمسىتىش، مىللىي ئېتنىك يوقىتىشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئۇيغۇرلار 1997 ـ يىلى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا شەھرىدە كەڭ كۆلەملىك نامايىش قوزغاپ، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلغاندا، خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى ئارمىيە يۆتكەپ كېلىپ، تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلغان، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلدى. نيو يورك شەھرىدە خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «دۇنيا گېزىتى» 2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مۇنداق خەۋەر قىلدى: «غۇلجا شەھرىدە 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بىرنەچچە مىڭ ئۇيغۇر نامايىش قىلدى، ھەربىي ۋە ساقچىلار 407 نەپەر ئۇيغۇرنى نەق مەيداندا ئېتىپ

[1] يۇقىرىقى خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا ئاڭلىتىلغان ئىدى.

ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى. نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلىغان، قولغا ئېلىنغان، تۈرمىلەردە ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان ئۇيغۇرلار سەككىز مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 61 مىڭ كىشى قولغا ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 11 مىڭ ئۇيغۇر نامايىشچىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى.» بۇ خەۋەرنىڭ راست ـ يالغانلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىپ ئولتۇرمايمەن. لېكىن بۇ قىرغىنچىلىق يوروق دۇنيادا يۈز بەردى.

يىغا ـ زارە قىلىشۋاتقان ئاتا ـ ئانىلارنى، يېتىم قالغان بالىلىرىنى يوقلاپ مەن غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كەلدىم. 60 مىڭ يۈەن پۇلنى بىچارەلەرگە پارچىلاپ تارقىتىپ بەردىم. ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشىمدە ئايروپىلان ئىستانسىسىدا يېنىمنى، سومكامنى ئىككى سائەت ئاختۇرۇپ ساقچىلار توپلىغان ماتېرىيالىمنى تارتىۋالدى.

مەن ئويلىدىم، ئاچ قالغانغا پۇل بېرىپ، ئاغرىپ قالغانغا پۇل بېرىپ بۇ مىللەتنى قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدىكەن، بۇ مىللەتنى ئويغىتىش، ئۆزىنى ـ ئۆزىگە تونۇتۇش كېرەك ئىكەن. شۇڭا ئىشنى ئاۋۋال ئايالLARدىن باشلاپ، 1997 ـ يىل 12ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «مىڭ ئانا شىركىتى» قۇرۇپ چىقتىم. بۇ شىركەتنىڭ تەقدىرى نېمە بولدى، سىلەر ياخشى بىلىسىلەر. 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خىتاينىڭ شاڭخەي شەھىرىدە ئەمدىلا مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، خىتاي، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر

«شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى»نى قۇرۇپ چىقتى. شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى ئۇيغۇرلارنى دىپلوماتىك قورشاۋغا ئالدى. قازاقىستان ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىپ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، باشقا دۆلەتلەرمۇ ئوخشاشلا شۇنداق قىلدى، مەسىلەن، بىرما ھۆكۈمىتى شىرئەلى ئىسىملىك ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، خىتاي بۇ يىگىتكە ئۆلۈم جازاسى بەردى. يېقىندا پاكىستان ئىسمائىل سەمەتنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. خىتاي ھۆكۈمىتى 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىسمائىل سەمەتكە ئۆلۈم جازاسى بەردى.

1949 ـ يىلى خىتاينىڭ قىزىل ئارمىيەسى بۇ ئۆلكىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. قىسقىسى ھازىرقى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە مانجۇ خاندانلىقى بىلەن چار رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا، ئەنگلىيە بىلەن چار رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا، ستالىن بىلەن گومىنداڭ (خىتاينىڭ ئاۋۋالقى پارتىيەسى) ئوتتۇرىسىدا، ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسىيادىكى پولشىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئەڭ ئاخىرى كوممۇنىست خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، كەچۈرۈم تەشكىلاتى، رافتو فوندى جەمئىيەتى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى، دېئالوگ فوندى جەمئىيەتى قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بېسىمى، بولۇپمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد

بولۇپ، 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئامېرىكىغا كەلدىم. كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىمنى باشلىۋەتتىم. مەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندە خىتاي ساقچىلىرى ماڭا:

ــ ئەگەر چەت ئەلگە چىقىپ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىغان بولساڭ ئۈرۈمچىدە قالغان «بەش بالاڭنى، شىركىتىڭنى ئويلاپ قوي» دېگەن ئىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى دېگىنىدەك قىلدى.

2005 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تەكلىپكە بىنائەن ئامېرىكا كونگرېسىگە بېرىپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈم. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەيلا 2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خىتاينىڭ 300 نەپەر قوراللىق ساقچىسى شىركەتكە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، شىركەتنىڭ ھۆججەتلىرىنى 15 سومكىغا قاچىلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى ۋە شىركەتنىڭ خىزمەتچىلىرى ئايشەم كېرىمنى، مەمەت روزىلارنى قولغا ئالدى.

2005 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى توغرىسىدا ئامېرىكا كونگرېسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈم.

2005 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئامېرىكا كونگرېسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈم.

2006 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئامېرىكا كونگىرىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈم.

2006 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئامېرىكا كونگىرىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈم.

2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە نورۋېگىيە قاتارلىق ئىسكانداناۋىيە دۆلەتلىرىگە جەمئىي يەتتە دۆلەتكە، كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ تەشكىللىشى ئارقىلىق زىيارەتكە بېرىپ، شۇ دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتىغا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقلىرىگە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى يەتكۈزدۈم. ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى بويىچە بۇ دۆلەتلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشىنى تەلەپ قىلدىم.

2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئامېرىكا كونگىرىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. گەرچە كونگىرىس ئەزالىرى رابىيە قادىرنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن كۆرۈشىمىز دېمىگەن بولسىمۇ، خىتاي كوممۇنىستلىرى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رابىيە قادىرنىڭ تۆت نەپەر بالىسىنى قولغا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قىزىمىز روشەنگۈلنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە نەزەربەند قىلدى.

2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىمغا يەتتە يىللىق قاماق جازاسى بەردى. دەل شۇ كۈنى رابىيە قادىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا رەئىس بولۇپ سايلانغان كۈن ئىدى.

2007 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئوغلىمىز ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىمغا مەخپىي سوت ئاچتى.

ھۆرمەتلىك خانىملار! ئەپەندىلەر!

يېنىمدا بىر تىيىن پۇلۇم يوق. 2005 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئامېرىكىدا دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيەتىنى قۇرۇپ چىقتىم. ئامېرىكىدا ھەر خىل تەشكىلاتلار ئۇيۇشتۇرغان كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە قاتناشتىم. ئېرىشكەن ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا ئامېرىكا كونگرېسى بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى قىلدىم.

ئىقتىسادى ئەھۋالىمنى سۆزلەپ ئۆتەي.

خىتاي كوممۇنىستلىرى مېنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئەقىدە شىركىتىمنى يوقاتتى، بالىلىرىمنى قولغا ئېلىپ كېيىم ئېلان قىلىپ تۆھمەت چاپلاپ يالغان جىنايەتلەرنى ئارتىپ چىقىپ شىركەتنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى قورقۇتۇپ سىياسىي ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىمنى توختاتماقچى بولدى. مەن توختاپ قالمىدىم. ھازىر ۋاشىنگتون شەھىرىدە ئىشخانام بار، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيەتىگە، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك فوندى

جەمئىيەتىگە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى پۇل ياردەم قىلىدى. ھازىر ماڭا 2500 دوللار مائاش بېرىدۇ، ئولتۇرغان ئۆيۈمنىڭ ئىجارىسى 1495 دوللار، كىچىك قىزىم قىقىنوس، ئوغلۇم مۇستاپا ۋە ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز ئاشقان پۇلنى خىراجەت قىلىمىز. ئولتۇرىدىغان ماشىنامىمۇ يوق، بەزىدە بالىلىرىم، بەزىدە ئۇيغۇرنىڭ ياخشى قىزى پاتىگۇل ئۆمەر ۋىرجىنىيەدىن شەھەر ئىچىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. نورۋېگىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرگە بارسام رافتۇ فوندى جەمئىيەتى، كەچۈرۈم تەشكىلاتى، كۆزەتكۈچى تەشكىلاتى قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى يول خىراجىتىم، تاماق، ياتاقلىرىمغىچە ھەل قىلىپ بەردى. مەن بۇ ساخاۋەتلىك كىشىلەرگە، بۇ دۆلەت خەلقلىرىگە، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇيغۇر خەلقى ھەم بۇ ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ.

ھاياتلىق شۇنداق بولىدىكەن، كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشمۇ قىيىن ئىكەن. ئىنسان بىر نەرسىدىن باشقا بارلىق نەرسىنى يوقاتسا چىدايدىكەن. ئەركىنلىكتىن ئايرىلىپ قالسا، ئەركىنلىكنى يوقاتسا پەقەت چىدىمايدىكەن. بۈگۈن ماڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتىن باشقا يول يوق.

رابىيە قادىر

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ۋاشىنگتون شەھىرى.

تەكلىپ بويىچە نورۋېگىيەلىك دوستلارغا يېزىلغان.

## بىروشورغا تەييارلانغان خەت

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا، پايتەخت ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. مەن ۋەكىللەر ئۈرۈمچىگە كېلىشتىن بۇرۇن ئۇن ماددىلىق «مۇراجىئەتنامە» تەييارلاپ قويغان ئىدىم. مائارىپ ـ مەدەنىيەت، پىلانلىق تۇغۇت، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى، سىياسىي مەھبۇسلار مەسىلىسى، سىياسىي مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش مەسىلىسى قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دائىر مەسىلىلەرنى خەتكە پۈتۈپ، خەتتە ئامېرىكا خەلقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىرىق قىلغان ئىدىم. كونگرېسىنىڭ ۋەكىللىرى مېنى ئۆزى چۈشكەن مېھمانخانىغا چاقىرىپ مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مېھمانخانا ئالدىغا كەلگەندە، خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندىم. 2000 ـيىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى، دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى چەت ئەلگە ساتتى، دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ ماڭا سەككىز يىللىق قاماق جازاسى بەردى.

2. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خەلقئارا كۆزەتكۈچى تەشكىلاتى، دىئالوگ فوندى جەمئىيەتى، رافتۇ فوندى جەمئىيەتى قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى

توختىماي كۈرەش قىلىدىغان تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، بولۇپمۇ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى مېنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدا خىتاي ساقچىلىرى ماڭا: ئامېرىكىدا سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئارىلاشما، ئارىلاشىدىغان بولساڭ ئۈرۈمچىدە قالغان بەش بالاڭنى، روناق تاپقان شىركىتىڭنى ئويلىشىپ قوي، دېگەن ئىدى. 2005 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتونغا كەلدىم، ئەركىن دۆلەتنىڭ ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئالدىم، ئامېرىكىدىكى بالىلىرىم بىلەن جەم بولدۇم، خىتاي مىللىتىنىڭ تەھدىتىگە پىسەنت قىلماي ئامېرىكىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن ھەقىقانىي كۈرەشنى باشلىۋەتتىم.

3. مەن 2005 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تەكلىپكە بىنائەن ئامېرىكا كونگرېسىگە بېرىپ، گۇۋاھلىق بېرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنىدا ئۇيغۇرلارنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈم. 2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خىتاينىڭ 300 نەپەر قوراللىق ساقچىسى رابىيە قادىرنىڭ ئەقىدە شىركىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ شىركەتنىڭ 20 يىللىق ھۆججەتلىرىنى بۇلاپ چىقىپ كەتتى. شىركەتنىڭ خىزمەتچىلىرى ئايشەم كېرىم، مەمەت روزىلارنى قولغا ئالدى. 2005 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى رابىيە قادىر ئامېرىكا كونگرېسىگە بېرىپ، خىتاينىڭ

ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. 2005 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى رابىيە قادىر ئامېرىكا كونگرىسىگە بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن، 25 ـ كۈنىگىچە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، رابىيە قادىر غەربىي ـ شىمالى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئىچىدە يەتتە دۆلەتنى زىيارەت قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى شۇ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ۋە پارلامېنتىغا يەتكۈزدى.

2005 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى رابىيە قادىر، ئامېرىكا كونگرىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋە 19 ـ كۈنى ئۇدا ئىككى كۈن رابىيە قادىر ئامېرىكا كونگرىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئامېرىكا كونگرىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. گەرچە كونگرىس ئەزالىرى رابىيە قادىرنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن كۆرۈشىمىز دېمىگەن بولسىمۇ، خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ قاھار ئابدۇرېھىم، ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىم، ئالىم ئابدۇرېھىم قاتارلىق ئوغۇللىرىنى قولغا

ئېلىپ تۈرمىگە تاشلاپ، قىزى روشەنگۈلنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە نەزەربەند قىلدى.

4. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى 2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئوغلۇم ئالىم ئابدۇرېھىمغا يەتتە يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. 2007 ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئوغلۇم ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېھىمغا خىتاي كوممۇنىستلىرى مەخپىي سوت ئاچتى لېكىن، تېخى ھۆكۈم ئېلان قىلمىدى.

ئىنسانپەرۋەر غەرب دۇنياسى، ئامېرىكا خەلقى! ھازىر ئۇيغۇرلار بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان مىللىي زۇلۇمنى، ئىنسانىيەت تارىخى دۇنياسىنىڭ باشقا ھەرقانداق جايىدا كۆرۈپ باقمىغان. ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىڭلار ئامېرىكا خەلقى، مېنىڭ بالىلىرىمغا ياردەم قىلىڭلار ئامېرىكا خەلقى!

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

# بۇ مىللەت ئۇيغۇرنىڭ، كىمنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھى بار؟

بىر مىللەت، مىللەت بولۇپ يارىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق كىشىنىڭ ياكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالمايدۇ، بۇ دۇنيادا قانداق مىللەت ھوقۇقلۇق مىللەت بولىدۇ، يەنە قانداق مىللەت بۇ دۇنيادا ھوقۇقسىز مىللەت بولۇپ قالىدۇ؟ ھازىرغىچە تارىخ بىز ئۇيغۇرلارغا ئېيتىپ بېرەلمىدى، ياكى تەقدىر بىز ئۇيغۇرلارغا ئېيتىپ بېرەلمىدى.

7 ـ ئۆكتەبىر ئەتىگەن سائەت 10 دا ۋاشىنگتوندا، فىدىراتسىيە سوت مەھكىمىسىدە گۇۋەنتانامو تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇر تۇتقۇنلىرى ئۈستىدە ئېچىلغان سوتتا سودىيە رىچاردو ئۇربىنا ئەپەندى ئۇيغۇر تۇتقۇنلارنىڭ دەرھال ئامېرىكىغا قويۇپ بېرىلىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن كەينىدىنلا تەتۈر شامال چىقىپ سودىيىنىڭ بۇيرۇقى ۋاقتىدا ئىجرا قىلىنمىدى.

ئۇيغۇرلار كىم؟

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر بۆرجىكى ئۇيغۇرىستان دېگەن ۋەتەندە ياشايدۇ. 1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن خىتاي مۇستەملىكەچىلىرى بۇ ئۆلكىنى «شىنجاڭ» دەپ ئاتايدۇ، تارىختا بىر قىسىم تۈرك پەرەست كىشىلەر بۇ ۋەتەننىڭ نامىنى شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىغان ئىدى. 19 ـ ئەسىردە ئەنگلىيە بىلەن چار رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا

دىپلوماتىيە ساھەسىدە كۈچ سىناشقاندا، ئۇيغۇرىستاننى چار رۇسىيەنىڭ بېسىۋېلىشىغا ئەنگلىيە يول قويمىغان. ئەنگلىيەنىڭ ئۇيغۇرىستاننى بېسىۋېلىشىغا چار رۇسىيە يول قويمىغان. ئاخىر چار رۇسىيە بىلەن بۈيۈك برىتانىيە دىپلوماتىيە ساھەسىدە بىرلىشىپ، ئەنگلىيەنىڭ بوستۇن بانكىسى ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ، خىتاي - مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ئەسكىرى باشلىقى زوزۇڭ تاڭنى بۇ ئۆلكە — ئۇيغۇرىستانغا باشلاپ كىرگەن، رۇسىيە بىلەن بۈيۈك برىتانىيە بىرلىشىپ ئۇيغۇرىستاننى مانجۇ - خىتايلارنىڭ مۇستەملىكەسىگە ئايلاندۇرۇپ بەرگەن. 1884 - يىلى مانجۇ - خىتاينىڭ ئەسكىرى باشلىقى زوزۇڭتاڭ بۇ ئۆلكە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىسمىنى «شىنجاڭ» يەنى يېڭى بېسىۋېلىنغان يەر دەپ ئۆزگەرتكەن. بۇ چاغدا ئۇيغۇرىستاندا بەدۆلەت - ياقۇپبەگ دۆلىتى قۇرۇلۇپ بولغان ئىدى.

1911 - يىلى ئۇيغۇرلار قۇمۇل ۋىلايىتىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، مىلىتارىست خىتاي باستۇردى. چار رۇسىيە مىلىتارىست خىتايلارغا ياردەم بەردى. 1933 - يىلى ئۇيغۇرلار قەشقەر ۋىلايىتىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ سابىت داموللا رەھبەرلىكىدە شۇ يىلى 11 - ئايدا مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇردى. بىراق، بۇ دۆلەتنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمىدى، رۇسىيە، ئەنگلىيە، ئافغانىستان، خىتاي قاتارلىق دۆلەتلەر، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا جاسۇسلىرى ئارقىلىق

ئاربلىشىپ بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئاخىر رۇسىيە 1934 ـ يىلى ئەسكەر چىقىرىپ قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر دۆلىتىنى باستۇرۇپ، بۇ ۋەتەننى مىلىتارىست خىتاي، شىڭشىسەيگە تاپشۇرۇپ بەردى. 1944 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ شۇ يىلى 11 ـ ئايدا يەنە بىر قېتىم مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇردى. بىراق، بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ستالىن ك گ ب ئارقىلىق چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىپ، قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنى خەلقئارا دىپلوماتىك سىياسىتىگە كوزىر قىلىپ ئىشلىتىپ، «يالتا يىغىنى»دا تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى پىرىنسىپىال ئالدىغا قويۇپ، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىشىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامەسى» قوشۇمچە «مەخپىي كېلىشىم» ئىمزالاپ، ئىككىنچى قېتىم قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنى خىتايغا يەنە بىر قېتىم سېتىۋەتتى.

موسكۋا شەرتنامەسى قانداق شارائىتتا ئىمزالانغان ئىدى؟

1989 ـ يىلى ياۋروپادا ئىككى بېرلىن بىرلەشكەندە دۇنيا مەتبۇئاتلىرى «يالتا سىستېمىسى» يىمىرىلدى دەپ چۇقان سېلىشقان. پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر بۆلىكىدە ئۇيغۇرىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ياق «يالتا سىستېمىسى» ياۋروپادا يىمىرىلدى، لېكىن ئاسىيادا تېخى يىمىرىلمىدى. «يالتا

سىستېمىسى» بەلگىلىگەن رامكا ۋە پرىنسىپلار ئاسىيادا، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا «يالتا سىستېمىسى»نىڭ رامكىسى ئىچىدە ئىمزالانغان. «جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامەسى»نىڭ مەزمۇنىغا ئايلانغان، ئۇيغۇرىستانغا مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپلىرى تېخى يىمىرىلمىدى دېيىشكەن ئىدى.

«يالتا سىستېمىسى» قانداق سىستېما؟ ۋە يالتا يىغىنى قانداق چاقىرىلغان ئىدى؟

1945 ـ يىلى چاقىرىلغان يالتا يىغىنى ۋە بۇ يىغىندا تۈزۈلگەن «يالتا كېلىشىمى» ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق سىياستى قۇرۇلمىسىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى ئىدى. «يالتا كېلىشىمى» ياپونىيەنى ئۇرۇشتىن چېكىندۇرۇشنىڭ پرىنسىپى توغرىسىدا ۋە يىراق شەرقنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ھوقۇق قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق قۇرۇلۇشى توغرىسىدا، نېگىزلىك پروگراممىا تۈزۈپ چىققان. «قاھىرە خىتابنامىسى»نىڭ تولۇقلىمىسى ئورنىدا ياكى بۇ خىتابنامىنىڭ قايتا يەنە بىر قېتىم شەرھلىنىشى ھېسابلىناتتى. سابىق سوۋېتلار ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش سىياستىنى يولغا قويۇش ـ يالتا كېلىشىمىنىڭ مەقسىتى ئىدى. شۇ مەقسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا «يالتا يىغىنى» كەم بولسا بولمايدىغان بىر يول ئىدى. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ «يالتا كېلىشىمى»نى تۈزۈش ۋە ئىجرا

قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلغان ناھايىتى چوڭقۇر ئىدىيەلىرى شۇبھىسىزكى، ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئوخشاشلا ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇھىم ئىدىيەلىرى «يالتا كېلىشىمى»نىڭ نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈستىگە ھەم مەركەزلەشكەن. ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئويلىنىش ۋە سىياسىي جەھەتتىكى قىياسلار، سابىق سوۋېتلارنىڭ يىراق شەرقتە تۇتقان قۇدرەتلىك ئورنى ۋە سوۋېتلار ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ھەمكارلاشمايدىغان بولسا، ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق سىياسىتىنى يولغا قويالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر پاكىت ئۇلۇغ ئوكيان ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يىلىدا ئىپادىسىنى تاپتى. «يالتا يىغىنى» ئەنە شۇنداق ھەمكارلىشىش ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەل ئىدى[1]. «يالتا كېلىشىمى» ئارقىلىق رۇسىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەمكارلىقى ئىشقا ئاشۇرۇلغاندەك، ئوخشاشلا «يالتا سىستېمىسى»نىڭ رامكىسى ئىچىدە چاقىرىلغان جۇڭگو – سوۋېت سۆھبىتى 1945 – يىلى موسكۋادا «جۇڭگو – سوۋېت شەرتنامەسى»نى ئىمزالاش ئارقىلىق «جۇڭگو – سوۋېت ھەمكارلىقى»نى ئىشقا ئاشۇرغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، جۇڭگولۇقلار تەلەپ قىلغان يالتا كېلىشىمىنىڭ پىلانىدا ئىجرا قىلىنىدىغان ئىككى دۆلەت جۇڭگو بىلەن رۇسىيە

---

[1] «ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى مەغلۇبىيىتى» 1997 – يىلى خىتايچە نەشرى ئاپتورى توس تاڭ.

ئىمزالايدىغان جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامەسىنى تۈت دۆلەت شەرتنامەسىگە ئايلاندۇرۇش لايىھەسىگە يەنى جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەگە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قارشى تۇرغان. قارشى تۇرمىغاندا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرى شەرتنامە ئىمزالىغان دۆلەتلەرنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالاتتى[1]. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، بۈگۈن بىز ئۇشبۇ ماقالىنىمۇ يېزىشقا ئامالسىز قالاتتۇق. 1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىسىدا «جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامەسى»نىڭ يەنە بىر قېتىم ئىمزالىنىشى، يىراق شەرقتە يېڭى ھوقۇق مۇۋازىنەتىنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشىگە ئاساس تەييارلىغان بولدى. ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا جۇڭگو ـ سوۋېت گۇرۇھى قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئاسىيادا ئاراللاردا ھەربىي بازا قۇرغان ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى بىلەن تىركىشىپ تۇرغان ۋەزىيەتنى ياراتتى.

پرېزىدېنت روزۋېلت ئۆلۈشتىن كېيىن چوڭ دۆلەتكە ئايلاندۇرماقچى بولغان. «تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرگەن» ئىچىۋېتىلگەن دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى بولغان جۇڭگو، ئۆلۈشتىن كېيىن روزۋېلت ئاسىيادا ياپونىيەنىڭ ئورنىغا قويماقچى بولغان جۇڭگو، 1951 ـ يىلى كورىيە يېرىم ئارىلىدا ئامېرىكىنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندى.

[1] يۇقىرىقى كىتاب.

يالتا سىستېمىسىنىڭ رامكىسى ئىچىدە 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامەسى» تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ «ھازىرقى ھالىتى»نى ساقلاپ، رۇسىيەنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندىن باشقا، ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ» دېگەن بۇ ۋەتەننى خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قوشۇپ بېرىپ، رۇسىيە بىلەن خىتاي ھەمكارلىقىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇش مەسىلىسىنىمۇ بىر تەرەپ قىلدى. 1950 ـ يىلى ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىن موسكۋادا يەنە بىر قېتىم «جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامەسى» ئىمزالىغاندا، ماۋ زېدۇڭ «شىنجاڭ مۇستەملىكە يەنى جۇڭگونىڭ مۇستەملىكەسى» دېگەن[1]. «يالتا سىستېمىسى» ۋە بۇ سىستېمىنىڭ رامكىسى ئىچىدە موسكۋادا ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامەسى» ئەينى چاغدا بىر تەرەپ قىلىۋەتكەن، خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قوشۇپ بېرىۋەتكەن ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ»، بۈگۈن گۈۋەنتانامو تۈرمىسىگە قامالغان 17 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى ئىدى. شۇنداقلا ھازىرقى ئۇيغۇرىستاندا خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ ياشاۋاتقان 20 مىليون ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى ئىدى[2]. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى

---

[1] ماۋ زېدۇڭ توغرىسىدا بىلىپ ئېلىنمىغان ھېكايىلەر] ئاپتورى جاڭرۇڭ، خالىدەي قاتارلىق كىشىلەر.

[2] «ۋاشىنگتون پوست گېزىتى» 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى.

ئاخىرلىشىپ، كىرىمىل قىزىل ئىمپېرىيەسى يىمىرىلگەندە قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئازانىيە، لاتۋىيە، ئېستونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بالتىق بويىدا مۇستەقىللىق جاكارلىدى. رۇسىيەگە ئۇزۇندىن بېرى مۇستەملىكە بولۇپ قالغان بۇ دۆلەتلەرنىڭ رۇسىيەدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىللىق جاكارلىشى بەرھەق ئىدى. ئىلھاملانغان ئۇيغۇرلارنىڭ روھى دۇنياسىدا شىددەتلىك تەۋرىنىش ھاسىل بولدى. شەرقىي ياۋروپا ۋە رۇسىيەدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن 1990 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇيغۇرلار بارىن قوراللىق قوزغىلىڭىنى تەييارلىدى. 1995 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە خىتاينىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۇيغۇرلار تىنچ يول بىلەن زور كۆلەملىك نامايىش قىلدى. 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە ئۇيغۇرلار تىنچ يول بىلەن زور كۆلەملىك نامايىش تەشكىللەپ مۇستەقىللىق ياكى 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. خىتاي ئارمىيە يۆتكەپ كېلىپ باستۇردى، 407 نەپەر نامايىشچى ئۇيغۇر نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى[1]. تيەنئەنمىن مەيدانىدا قانچىلىك ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن؟ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىر پارچە بايانات ئېلان قىلىپ قويۇپ بولدى قىلدى. ئېھتىمال شۇ

[1] «دۇنيا گېزىتى» خىتاي تىلى نەشرى 2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.

چاغقىچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تېخىچە «يالتا سىستېمىسى»نىڭ تەسىرىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بولسا كېرەك.

1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى رۇسىيە فېدىراتسىيەسى بىلەن بىرلىشىپ «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى» قۇرۇپ چىقتى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ شەرقىي ياۋروپادا گۇمران بولغان «ۋارشاۋا شەرتنامەسى» يەنە بۇ قېتىم ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى» نامىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولدى. رۇسىيە فېدىراتسىيەسى يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى دەل شۇنداق پەيتتە قەپەستىن چىقتى ۋە ئۇيغۇرىستاندا دۆلەت تېرروررىزمنى يولغا قويدى. ئۇيغۇرلار قانۇنلۇق پاسپورتلۇق، قانۇنسىز ـ پاسپورتسىز ئوتتۇرا ئاسىياغا، قازاقىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە قېچىشقا باشلىدى. شۇ دۆلەتلەرگە ئىشەنگەن ۋە ئۇلارنى قېرىنداشىم دېگەن ئۇيغۇرلار سىياسىي پاناھلىق تىلىگەندە ساقچىلار تۇتۇۋېلىپ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن كېيىن، قېچىپ چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تەقىپ قىلىشىغا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلار پاناھلىق تىلەپ

ئافغانىستانغا قېچىشقا باشلىدى. بۈگۈن گۇۋەنتانامونىغا قامالغان ئۇيغۇرلار بەلكى شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئامېرىكىنى دۈشمەن دەپ قارىغان ئەمەس. بۇ قېتىم سودىيە رىچاردو ئۇربىنا ئەپەندىمۇ «ئۇيغۇرلار دۈشمەن جەڭچىسى ئەمەس» دەپ ھۆكۈم ئېلان قىلدى.

ۋاشىنگتوندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار سودىيە رىچاردو ئۇربىنا ئەپەندىنىڭ ھۆكۈمىنى ئاڭلىغاندا ئىنتايىن خۇشال بولغان ئىدى. بىز بۈگۈن شۇ ھۆكۈمگە ئاساسلىنىپ گۇۋەنتانامو تۈرمىسىگە قامالغان بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىگە قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز. مەسىلەن: ئافغانىستان، سومالى، بوسنىيە، كوسوۋو خەلقلىرى، ئىراق خەلقلىرى ئامېرىكا بۇ دۆلەتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن خەلقلەردۇر. خۇددى شۇ خەلقلەردەك ئۇيغۇرلارمۇ ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى لازىم ئىدى.

ئىراق، بۇ خەلقلەر ھېچقاچان «يالتا سىستېمىسى» ياكى «موسكۋا شەرتنامەسى»نىڭ دائىرىسىگە كىرىپ قېلىپ، باشقا دۆلەتلەرگە قوشۇپ بېرىلگەن، ياكى قۇرغان دۆلەتلىرى مۇنقەرز قىلىنغان دۆلەتلەر ئەمەس ئىدى. پەقەت ئامېرىكىنىڭ ئەخلاقى، ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىگە تايىنىپلا دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان خەلقلەر ئىدى. ئەخلاقى جەھەتتە ياردەم قىلىش مەسىلىسى كۈن تەرتىپكە قويۇلغاندا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت

قۇرغۇچى داھىلىرى ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرلارنى ئويلاشقان بولسا بەك ياخشى بولاتتى، بەك يوللۇق بولاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا چۈشى ئىشقا ئاشقان بولاتتى. چۈنكى، ئۇيغۇرلار 40 ـ يىللاردا ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق سىياسىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ قالغان. ئۇلۇغ ئوكيان ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا كېرەك بولغاندا، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا كېرەك بولغاندا، رۇسىيە، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ ياپونىيەنى ئۇرۇشتىن چېكىندۈرۈش كېرەك بولغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى مۇنقەرز قىلىۋېتىلگەن. 40 ـ يىللاردا ئۇرۇش دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان رۇسىيە، خىتاي، ئامېرىكا ئۈچ دۆلەتنىڭ ياپونىيەگە قارشى مۇناسىۋەتلىرى دائىرىسىدە ئۇيغۇرىستاننىڭ دۆلىتى مۇنقەرز قىلىنىپ خىتايغا مۇستەملىكە قىلىپ بېرىلگەن ئىدى.

* * * * *

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا ئاچسۇن باشچىلىقىدىكى ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ گومىنداڭ خىتايلىرىغا ياردەم بېرىپ قۇتقۇزۇپ قېلىش تىرىشچانلىقى بىھۇدە بولۇپ چىقتى. گومىنداڭ خىتايلىرى چوڭ قۇرۇقلۇقتا كوممۇنىست خىتايلاردىن يېڭىلىپ تەيۋەنگە قاچتى، ستالىننىڭ قوللىشىغا، ياردىمىگە ئېرىشكەن خىتاي كوممۇنىستلىرى جۇڭگودا ھاكىمىيەت بېشىغا يېتىپ كەلدى. ستالىننىڭ ۋەكىلى

قۇنانبايېۋ (قازاقىستانلىق)، ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋەكىلى لىۋخەن ئىككىسى بىرلىشىپ بېيجىڭدا 1950 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلغىچە باش قاتۇرۇپ پىلانلاپ، ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ)دا دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا مۇستەملىكە قىلىپ بېرىپ، ئەمدى بۇ قېتىم ئاپتونوم رايون قۇرۇپ بەردى. بۈگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ھالى نېمە؟

2001 ـ يىلى ئامېرىكا تېررورىستلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، 2002 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئىسمى بار لېكىن جىسمى يوق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»نى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تېررورىست تەشكىلات دەپ ئېلان قىلغان پۈرسەتتىن پايدىلانغان خىتاي ھۆكۈمىتى تاكى بۈگۈنگىچە باشقا ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇرلارغا تېررورىست جىنايىتىنى ئارتىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىپ بىر تەرەپ قىلىۋاتىدۇ. 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى مائارىپ، مەدەنىيەت ساھەسىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. 1987 ـ يىلىدىن باشلاپ مەجبۇرى يولغا قويۇلغان خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قانچىلىك ئۇيغۇر نارەسىدە ئۆلتۈرۈلدى؟ قانچىلىغان ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى؟ قانچىلىغان ئۇيغۇر قولغا ئېلىندى؟ مەسىلەن، 2008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى روزى ئىسمائىل خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا دوكلات بەرگەندە: كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە 1013 قېتىم

سىياسىي دېلو سادىر بولدى، بۇ دېلوغا چېتىشلىق 15 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىندى، ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، مۇددەتلىك، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى، دەپ كۆرسەتتى[1]. دېمەك، ئۇيغۇرلار بىر يىلدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى 200 قېتىمدىن ئارتۇق ۋەقە سادىر قىلغان بولامدۇ؟ بۇ ئىش ئۇيغۇرلار ئۆزۈندىن بېرى خىتاينىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلمىدى دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى 14 ياشتىن 25 ياشقىچە ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەشكە باشلىدى. 2007 ـ يىلى 1 مىليون 151 مىڭ قېتىم يۆتكەپ كېتىلدى، دېيىلدى[2]. مەن قېتىم دېگەن سۆزگە ئىشەنمەيمەن. چۈنكى ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلىپ ھازىرغىچە ئۆز ۋەتىنى ئۇيغۇرىستانغا قايتىپ كەلگەن بىرمۇ كىشى يوق. «بۇنىڭ ئىچىدە 130 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرى خىتاينىڭ تيەنجىن، شەندۇڭ، جياڭسۇ قاتارلىق جايلىرىغا بىۋاستە يۆتكەلگەن. بۇلارنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى ئۇيغۇر دېھقان قىزلىرى ئىگىلەيدۇ. يېقىنقى ئۈچ يىلدا ئۆز يۇرتلىرىدىن سىرتلارغا يۆتكەلگەن يېزا ئەمگەك كۈچلىرى 3 مىليون 300 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن... مەخسۇس خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى كەنت، بازار كارخانىلىرىغا ئىشلەمچىلىككە

---

[1] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى.
[2] ئوخشاش رادىئو.

يــۈتكەلگەنلەر 90 مىڭــدىن ئاشـــىدىكەن». نېمـــشقا خىتـــاي كـــۆچمەنلىرى كۆچـــۈپ كېلـــىپ ئۇيغۇرىـــستانغا يەرلـــشىدۇ؟ نېمىشقا ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇر قىزلىرىنى يۆتكەپ كېتىپ خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ؟ ئامېرىكا خەلقى، بىر مىللەت ئۇيغۇرلار يەر شارىدىن يوقىلىۋاتىدۇ!

ئامېرىكـا دۆلەت مەجلىـسىمۇ خىتـاي ھۆكۈمىتىنىــڭ ئۇيغـۇر ياشلىرىنى تۈركۈملەپ خىتايلار ياشاۋاتقان ئۆلكىلەرگە يـۆتكەش، يەنــى بىــر مىللەتنــى ئېتنىــك ياشــاش شــارائىتىدىن ئايرىــپ تۈركــۈملەپ يــۆتكەش، ئېتنىــك قىرغىنچىلىققــا ياتىــدۇ، دەپ كۆرســـىتىپ، خىتاينىـــڭ ئۇيغۇرلارغـــا يۈرگۈزۈۋاتقـــان مەزكـــۇر سىياســـىتىنى توختىتىـــشنى تەشـــەببۇس قىلىـــپ بىـــر قـــانۇن لايىھەسى ئېلان قىلغان ئىدى[1].

* * * * *

1884 ـ يىلىـــدىن باشـــلاپ مـــانجۇ ـ خىتايلارغـــا، 1940 ـ يىلــلاردا دۆلەت قـۇرۇپ يەنە باشـقىدىن گومىنـداڭ خىتـايلىرى ۋە كومـمۇنىـست خىتايلارغـا مۇسـتەملىكە بولـۇپ قالغـان ئۇيغـۇرلار، 124 يىـل مابەينىـدە مۇسـتەملىكەچى خىتايلارنىـڭ ھوقـۇقلىرى ئالدىدا ۋە ئاتالمىش قانۇنلىرى ئالدىدا جىنايەتچى بولـۇپ كەلـدى. جىنـايەتچى بولـۇپ قالغـان ئۇيغـۇرلار ئادىـل ھۆكـۈمگە، ئـۆزىنى

---

[1] ئوخشاش رادىئو.

ئاقلاش پۈرسىتىگە ئېرىشەلمىدى، خىتاي سودىيەلىرى ماددىي پاكىتلارغا ئېرىشمەي تۇرۇپلا قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ جىنايىتىنى ئاغزاكى بېكىتىپ مۇددەتلىك، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېكىتىپ، ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىجرا قىلىۋەردى. ھوقۇق مۇستەملىكەچى خىتايلارنىڭ ھوقۇقى بولغاندەك، قانۇنمۇ مۇستەملىكەچى خىتايلارنىڭ قانۇنى ئىدى. مەسىلەن، 1997 ـ يىلى ئىلى ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، نامايىشقا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىپ، سوراق قىلا ـ قىلمايلا يەتتە كۈن ئىچىدە ئۆلۈم جازاسى بەردى. مۇستەملىكەچى خىتاينىڭ قىلمىشلىرىدىن يۈرىكى زېدە بولۇپ كەتكەن ئۇيغۇرلار، 7 ـ ئۆكتەبىر فېدىرال سوت مەھكىمەسىدە سودىيە رىچاردو ئورىنا ئەپەندى، گۇۋەنتانامو تۈرمىسىگە قامالغان 17 نەپەر ئۇيغۇر گۇناھسىز، دۆشمەن جەڭچىسى ئەمەس دەپ ئېلان قىلىپ تۈرمىدىن قويۇۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، شۇ كۈنى سوتقا قاتناشقان بارلىق ئۇيغۇرلار ھاياجانلاندى، بىر ـ بىرىنى تەبرىكلەشتى، كۆز يېشى قىلىپ يىغلاشتى، چۈنكى ئۇيغۇرنىڭ پەرزەنتلىرى 124 يىل مابەينىدە تۇنجى قېتىم ئادىل سوت ئارقىلىق سوت قىلىنىپ ئاقلانغان ئىدى. ماكان ۋە زامانىنى ئالماشتۇرۇپ پىكىر قىلايلۇق. مۇشۇ كىشىلەر بۈگۈن خىتاي سوت مەھكىمىسىنىڭ قولىدا بولغان بولسا، قانداق جازاغا ھۆكۈم قىلىنار ئىدى؟

ھۆرمەتلىك ئامېرىكا خەلقى! كوممۇنىزم ئىمپېرىيەسى يىمىرىلىپ شەرقىي ياۋروپا خەلقى «يالتا سىستېمىسى»نىڭ قارا

ئۆچكۈرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ دېموكراتىك جەمئىيەت قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى، پرېزىدېنت بوش 2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى رىگا شەھىرىدە «يالتا يىغىنى ئىنتايىن زور تارىخى خاتالىق بولغان ئىدى» دەپ 60 يىللىق دۇنيا تارىخىدىن خۇلاسە چىقارغاندا، يالتا يىغىنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۇچراپ دۆلىتىدىن ۋە دۆلەت قۇرۇش هوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇيغۇر خەلقى چەكسىز شادلىققا چۆمدى. 40 ـ يىللاردا قۇرغان دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، دۆلەت قۇرۇش هوقۇقىدىن ئايرىلىپ دۇنيا تىنچلىقىغا تۆهپە قوشقان ئۇيغۇر خەلقى، بۈگۈن دۆلەت قۇرۇشقا، تارىختا يوقىتىۋەتكەن دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە هاجەتمەن ۋە هوقۇقلۇق بولۇپ قالدى، مەن بۇ يەردە ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپ ئارزۇلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلغان بولاتتىم. مەن بۇ يەردە ئامېرىكىلىق ئادىل سودىيە گۇناهسىز دەپ هۆكۈم قىلىپ ئامېرىكىنىڭ قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن 17 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىگە قويۇپ بېرىلىشىگە، ئامېرىكا كونگرېسى ۋە ئامېرىكا خەلقىنىڭ، ئامېرىكا قانۇن ساهەسىدىكى زاتلارنىڭ، ئامېرىكا سىياسىئونلىرىنىڭ هەيدەكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

مەن بۈگۈن بۇ يەردە شۇ جۈملىلەرنى يېزىۋاتقاندا ئامېرىكىنىڭ سىياسىئونلىرىغا، ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا سىياسەت تارىخچىلىرىغا، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت قۇرغۇچى

داھىلىرىغا مـۇراجىئەت قىلىـپ مۇنـداق دېمەكچـى بولـدۇم: پرېزىـدېنت بـوش «يالتـا يىغىنـى ئىنتـايىـن زور تـارىخى خاتـالىق بولغان ئىدى» دەپ كۆرسەتتى. سىياسىي لوگىكىغا ئاساسلىنىپ لوگىكىلىق پىكىر قىلغاندا «يالتا سىستېمىسى»نىڭ رامكىسى ئىچىدە موسكۋادا ئىمزالانغـان «جۇڭگـو ـ سـوۋېت شەرتنامەسـى» ئـارقىلىق ئۇيغۇرىـستان «شـىنجاڭ»نـى ئەينـى چاغـدا خىتـاي دۆلىتىگە قوشـۇپ بېرىـشمۇ ستالىـن ۋە سابىق سـوۋېتلار ئۈچـۈن ئېيتقاندا «ئىنتايىن زور تارىخى خاتالىق بولغان ئىدى» جۇڭگونى بـۇ دەرىـجەدە بىــرلىككە كەلتۈرۈشــنىڭ ھېچقانــداق سىياســي ئاساسلىرى يـوق ئىـدى[1]. قېنـى ئامېرىكىنىـڭ سىياسىئونلىرى ئېچىنىشلىق ۋە ياكى بىـر مىللەتنىـڭ ھاياتى، مەۋجۇتلـۇقىنى ھېـسابقا ئالمـاي شـۇ مىللەتنـى ئىككىنچـى يـات مىللەتنىـڭ تېررىتورىيەســىگە قوشـۇپ بەرگەن تـارىختىن قانــداق خۇلاســە چىقىرىدۇ؟ 20 مىليون ئۇيغۇر خەلقـى تـۆت كـۆزى بىـلەن كۈتـۈپ تۇرۇپتۇ!

سىدىقھاجى روزى 2008 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى.

---

[1] ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى مەغلۇبىيىتى.

# «فىڭ خانىم» ۋە ئاپتورلارنىڭ تارىخ قارشى

## مۇھاكىمە

جەمئىيەت ۋە تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا مەدەنىيەت ساھەسىدە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تارىخ، قوشۇمچە تارىخ تەتقىقاتچىلىقى، تارىخىي تېمىلارنى بەدىئىي ئەكس ئەتتۈرۈش قاتارلىق مەنىۋى پائالىيەتلەر ئاكتىۋال بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. بۇ يەردە ئەدەبىيات ۋە تارىخ گۇمانىتار پەنلەرنىڭ قاتارىدا بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان، تارىخ ئۇزۇن مۇساپەلەردە ئەدەبىيات ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ياكى ئەدەبىيات تارىخنى، جەمئىيەتنى يورۇتۇپ بېرىشنىڭ ئوبرازلىق مەنىۋى قورالىغا ئايلانغان؛ شۇڭا شېكسپىر، بالزاك قاتارلىق يازغۇچىلار ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە جەمئىيىتىنى چۈشىنىشىدە ئەينەك بولغان ئىدى. بۇ نۇقتىدا ئەدەبىيات بىلەن تارىخنى بىر پەن دەپ قارىغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى پەن ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلمىغاندا، مەسىلەن: تارىخ ئەدەبىياتتا توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلمىسە ياكى بۇرمىلانسا، بەدىئىي ئەكس ئەتتۈرۈش تارىخى چىنلىق ئۈنۈمىگە ئېرىشەلمەيدۇ؛ تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئەدەبىياتنىڭ يۈكسەك پرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلمىسا، ئوخشاشلا تارىخىي تېمىلاردا بەدىئىي چىنلىق ياراتقىلى بولمايدۇ؛ شۇڭا تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي

چىنلىقىنىڭ ئۇتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش ۋە چەتكە قېقىش مۇناسىۋىتىنى بەدىئىي بىر تەرەپ قىلىش، بەدىئىي جەرياندا گەۋدىلىنىش كېرەكمۇ ياكى تارىخنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسىدە گەۋدىلىنىش كېرەكمۇ؟ بۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي دىت ۋە تارىخ بىلىمىنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم.

يازغۇچى ليۇنۇڭ ئەپەندىنىڭ قەلىمى ۋە تارىخچى سۇبىخەينىڭ مەسلىھەتچىلىكى ئارقىلىق شىن خۇا ئەپەندىنىڭ رېژىسسورلۇقىدا، تارىخى تېما ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەدىئىي فىلىم «فىڭ خانىم» يېقىندا ئېكرانغا چىقتى، بۇ فىلىم بەدىئىي فىلىم ئىكەن، گراژدانلىق سالاھىيىتىمىز بويىچە، بەدىئىي ۋە تارىخىي تەرەپتىن كۆز قارىشىمىزنى قويۇپ ئۆتمەي تۇرالمايمىز. فىلىم ئېكراندا قويۇلغاندا، بىسمىللاھنىڭ ئورنىدا ئەلۋەتتە يۈيمېنگۈەن راۋىقى ئېكراندا ھازىر بولىدۇ ۋە ئېكران سىرتىدىن تونۇشتۇرۇلىدۇ. «ئويسۇن» بەگلىكىنىڭ خانى كۈنبەگ دۆلەتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى جەنيۇ خېنىمغا تاپشۇرۇپ بەرگىنىنىڭ سىرتىدا، دۆلەتىنىڭ تاشقى ئىشلىرىنى دېدەك فىڭ خانىمغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، قورىغار رايونىدىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا باش ئەلچىلىك رولىنى ئوينايدۇ، يايلاق دەۋاسى، يەر دەۋاسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يەرلىك خەلق ھەل قىلالمايدۇ، ئەكسىچە فىڭ خانىم ئۆزى قول سېلىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. كۈنبەگ خان سۈپىتىدە بىر تەرەپ بولسىمۇ، لېكىن جەنيۇ خېنىم ۋە فىڭ خانىم «تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ» سۈپىتىدە بىر تەرەپ بولۇپ،

«ئويسۇن»نىڭ خانى كۈنبەگنى قورچاققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ليۇنۇڭ ئەپەندى ۋە مەسلىھەتچى سۇبىخەيلەر بۇ يەردە كۈنبەگنى خۇنۇكلەشتۈرۈشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چارىسىنى تاپالمايدۇ. نېمە ئۈچۈندۇر كۈنبەگنى ليۇ باڭ، ساۋ ساۋلارنىڭ قاتارىغا قويالمايدۇ، تارىخنى باشقۇرغۇچى ۋە باشقۇرۇلغۇچىلار ئەندىزىسى بويىچە ئۇلۇغلاشقا پېتىنغان بۇ ئەپەندىلەر، نېمىشقا كۈنبەگنىمۇ خان سۈپىتىدە ئۇلۇغلاشقا پېتىنالمايدۇ؟

مىلادىدىن بۇرۇنقى 100 ـ يىللاردا جەنيۇ خېنىم غەربتىكى ئۈيسۇن بەگلىكىگە كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، كەلمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇرۇنقى تارىخچىلار رىۋايەتنى خاتىرىلەشكە ئادەتلەنگەن، شۇڭا تۈرك خوتۇنبازلىرىنىڭ شەرق مەلىكىسىگە ئۆيلىنىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئۇلارنىڭ دەپتىرىگە خاتىرىلەنگەن بولسا، رىۋايەت بويىچە مەلىكىلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا كېلىشى بەرھەق ئىدى. چىن سۇلالىسىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە ئۆرۈلۈپ ئىچكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلالماي غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن خەن دۆلىتى، تاشقى كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى قانداق بەلگىلەيدۇ ۋە مەلىكە جەنيۇ بىلەن دېدەك فىڭ خانىمنى غەربكە قانداق ئەۋەتىدۇ، دېگەن سوئال بويىچە سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلارنىڭ غەربكە كېلىشى ئېهتىمالدىن يىراق.

«ئويسۇن» بەگلىكىگە كەلسەك، ئۈيسۇنلار ئەنۋەر بايتۇرنىڭ يېزىشىغا ئاساسلانغاندا، «مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن

ئىلگىرى دۇنخۇاڭ قەلئەسى ئەتراپىدا، خېشى رايونىنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشايدىغان بىر تۈركىي قەبىلە ئىدى. ئۇيسۇنلار غەربكە كۆچكەن ياۋچىلار تەرىپىدىن قوغلىنىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ باش ئېقىمى، شىمالدا بالقاش كۆلى، جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق سىياسىي مەركىزى ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى هازىرقى «ئىسسىق كۆل شەهىرى» ئىدى. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا مىلادىدىن بۇرۇنقى 108 ـ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ خانى خەنۋۇدى مەلىكە شىجۈننى «ئۇيسۇن» خانى لى جاۋ بەگكە ياتلىق قىلغانمىش، مىلادىدىن بۇرۇنقى 103 ـ يىلى مەلىكە شىجۈن ئۆلگەندىن كېيىن خەن ۋۇدى «ئۇيسۇن» خانى سەنچورغا يەنە مەلىكە جىيې بۇۋنى ياتلىق قىلغانمىش، مىلادىدىن بۇرۇنقى 62 ـ يىلى خاقان خەن شۈەندى مەلىكە شىياڭ فۇنى «ئۇيسۇن» خانى يانخۇ بەگكە ياتلىق قىلغانمىش، يەنە باشقا تارىخىي كىتابلاردىمۇ، خەن ۋۇدىنىڭ ئاكىسى ليۇ فىنىڭ قىزى شىجۈننى ياتلىق قىلغان دېيىلگەن. ئۇنداقتا «ئۇيسۇن» خانىغا خوتۇن بولغان خەن سۇلالىسىنىڭ مەلىكىلىرى زادى قانچە؟ ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە يەنە مەلىكە جەنيۇ ۋە فېڭ لياۋ خېنىملارمۇ ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق قىلىنىپتۇ.

فېڭ لياۋ خېنىمنىڭ «ئۇيسۇن» بەگزادىلىرىگە قىلىچ چېپىشنى ئۆگىتىشى، بۇغداي ئۇرۇغىنى چاڭئەندىن كەلتۈرۈپ

بۇغداي تېرىشنى ئۆگىنىشى، بەيگىدە ئۇتۇپ چىقىشنى ئۆگىنىشى، تارىخنىڭ بۇ جەريانىدا «ئۇيسۇن» بەگلىرىنىڭ زادى قانداق مەۋجۇد بولۇپ تۇرغانلىقىنى ياكى جەنيۇ خېنىم، فىڭ لياۋ خېنىم «ئۇيسۇن» بەگلىكىگە كەلمەستىن بۇرۇن «ئۇيسۇن» بەگلىكىنىڭ زادى قانداق مەۋجۇد بولۇپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغىچە موسكۋا، لېنىنگراد مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيەدىن تېپىلىپ قەدىمكى تۈرك قورغانلىرىدىن قېزىۋېلىنغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللارغا توغرا كېلىدىغان تۇچ دەۋرى ۋە تۆمۈر دەۋرىگە ئائىت ئاسارە ـ ئەتىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، شۇ دەۋردىلا قىلىچ، ئۈشكە، پىچاق، ئوق ئۇچى، پالتا، تۆمۈر تون قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرى ياسالغاندىن باشقا يەنە شۇ دەۋرلەردە بۇغداي، ئارپا، تېرىق، زىغىر قاتارلىق ئاشلىقلارنى ياۋا ئوتلار ئارىسىدىن تۇنجى قېتىم تېپىپ تېرىغان كىشىلەر يەنىلا شۇ دەۋردە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 100 ـ يىللارغا كەلگەندە فېڭ لياۋ خېنىمنىڭ چاڭئەندىن بۇغداي ئۇرۇغىنى كەلتۈرۈپ بۇغداي تېرىشنى ئۆگىتىپ قويۇشىنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. دېمەك، تارىخنى شۇنداق چۈشەندۈرگەندىلا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەتراپتىكى بەگلەر، مەسىلەن، «كۆسەن» خانلىقى، «يەركەنت» خانلىقى قاتارلىق خانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، كۈنبەگىنىڭ دېدەك ياكى ئاسراندا

فېنىڭ لياۋنى دۆلەت ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى مەنتىقى ۋە تارىخىي يوسۇندا قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ توغرىدا سۈبىخەيدىن باشقا ھېچقانداق بىر تارىخچى بىر نېمە دېمىگەندى.

تارىخ، ئوبيېكتىپ تەتقىق قىلىنىشى كېرەك ئىدى. تارىخ، ۋەقەلەر تەرتىپىدە بىر خىللا نەرسە بولسىمۇ، لېكىن تارىخچىلار خىلمۇ خىل تارىخىي قاراشقا ئىگە بولغانلىقتىن، تارىخنى تەتقىق قىلىشقا سىڭدۈرىدىغان تارىخىي قاراش، ھازىرقى كۈندە تارىخنى خاتىرىلەشكىمۇ سىڭىپ كىرىپ، تارىخنى ئەينەن خاتىرىلەش تەلىپىنىڭ ئەكسىچە، خاتىرىلەش بۇرمىلاشقا يۈزلەنمەكتە. دېمەك، تارىخ يېپىنى ساختىلاشتۇرۇشمۇ ئەنە شۇ يەردىن باشلانماقتا. تارىخنى ئادالەتنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتكەندە كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان بىر قاراش ـ ئاپتورلار مۇددىئاسىنىڭ مەقسەتلىك تەرىپى شۇكى «يەركەنت خانلىقى» (تېلېۋىزىيە فىلىمىدە شۇنداق دېيىلگەن)نىڭ ئۆز تەۋەلىكىدە كۆڭۈلگە لايىق ۋارىس تېپىلمىغاچقا، «ئۈيسۈن» بەگلىكىنىڭ شاھزادىسى يانغۇمىنى ۋارىسلىققا تەكلىپ قىلىپتۇمىش. فىلىمنىڭ دىيالوگلىرىدا: «يەركەنت پادىشاھى مەكتۈپ ئەۋەتىپتۇ.» «يەركەنت ئېلىدە بەزىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايدۇ»، «چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەر كەنتلىك» دېيىلگەن. قايچىلاشتۇرۇپ مۇرەككەپلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن ئاپتورلار، شاھزادە ۋەنىنانى يەركەنت پادىشاھلىقىغا ۋارىس بولۇشقا ئەۋەتىدۇ.

ھەر نېمە بولسا بۇ، مىلادىدىن بۇرۇنقى ئىش ئىكەن، لېكىن بۇنى مىلادىنىڭ 1271 ـ يىلى مۇڭغۇل ئاتلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغانلىقىغا، 1644 ـ يىلى نۇر خاچىنىڭ ئەۋلادى شۇنجى خاننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە چىڭ سۇلالىسىنى قۇرغانلىقىغا سېلىشتۇرساق ھېچنەرسىگە ئەرزىمىگەننىڭ سىرتىدا، بۇ پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى ئىشى بولىدۇ، خالاس. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ياشىغان، شىمالىدا ياشىمىغان دەيدىغان ۋە ھازىرقى كۈندە مەقسەتلىك تەييارلىنىۋاتقان بۇ خىل پىكىر ۋە ئىدىيەلەرنى تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىگىمۇ تاڭغىلى بولمايدۇ. لېكىن ئاپتورلار كۈچەپ كېتىپتۇ. مەسىلەن: ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا بۈيۈك سۇلالىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان قاراخانىلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن 1513 ـ يىلى قۇرۇلغان يەركەنت سەئىدىيە خانلىقىنى يۆتكەپ ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 100 ـ يىللارغا ئېلىپ بارسىمۇ، كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

«ئۇيسۇن» خانلىقىنىڭ يەركەنت خانلىقىغا ۋارىس ياكى بالا پادىشاھ ئەۋەتىپ، يەركەنت خانلىقىنى باشقۇرۇشىغا كەلسەك، بۇ توغرىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. ئۇنداقتا ليۇنۇڭ ۋە مەسلىھەتچى سۇبخەي ئەپەندىلەر نېمىگە ئاساسەن بۇنداق ۋەقەنى ئويدۇرۇپ چىقالىدى؟ بەدىئىي سەھنىگە كۆتۈرۈپ چىققان بۇ تارىخىي ئويدۇرمىغا سىڭدۈرۈلگەن سىمۋوللۇق مەنزىرىلەر ۋە سىمۋوللۇق ئىبارىلەر نېمىدىن دېرەك

بېرىدۇ؟ 1945 ـ يىللىرى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى تارىخچىلىرىمۇ «ئۈيسۈن» لارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ نەسەپلىرىنى ھازىرقى قازاقلارغا باغلاپ، ئۇيغۇر ـ قازاق خەلقلىرى ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىپ، ئۇيغۇر دېموكراتىك ئىنقىلابىنى يېرىم يولدا تۇنجۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى. بۇنداق ئۇرۇنۇش تارىختا مۇئەييەن نەتىجە بەرمىگەن، ئەكسىچە ئۇيغۇر ـ قازاق خەلقلىرى ئىتتىپاقلىشىپ، ئىنقىلابنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلىپ، 1949 ـ يىلى ماناس دەرياسىنىڭ بويىدا «ئازادلىقنى» كۈتۈۋالغان ئىدى. ئەمدى بۇ يەردە لىيۇ نۇڭ ۋە سۇبىخەي ئەپەندىلەرنىڭ تارىخ قارىشىنى تەتقىق قىلىپ كۆرەيلۇق، «ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ تارىخي ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولىدۇ» دەپ قاراش ماركسىزملىق تارىخي قاراشتۇر، لېكىن قىلمىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن تارىخي قاراش ماركسىزملىق تارىخي قاراشقا زىت بولۇپ، بۇرژۇئا تارىخشۇناسى مونتىسكونىڭ «ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەقدىرى ئايرىم سىياسىئونلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ» دېگىنىدەك، سۇبىخەي ئەپەندىلەرمۇ «ئۈيسۈن» بەگلىكىنى ياكى تارىخنىڭ مۇشۇ جەريانىنى سىياسىئون دەپ ياسىۋالغان فېڭ لياۋ خېنىمنىڭ ئىرادىسىگە باغلاپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا فىلىمدە خان سۈپىتىدىكى كۈنبەگ دېدەك فېڭ لياۋنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايدىغان، ياپغۇ ۋە ساپغۇنلارمۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان ھالەتتە تەسۋىرلىنىپ،

تارىخنى فاڭ لىياۋ خېنىمنىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى تۇرمايدىغان ئايلانما ياكى تەكرار جەريانغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، بۇ سىپى ئۆزىدىن سوبيېكتىپ ئىدىيالىزملىق تارىخىي قاراشتۇر.

ۋولتېر «روھ ئىدىيە پىكىرلەرنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نېگىزلىك ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچى»، دەپ قارىغاندەك، فاڭ لياۋ خېنىمنىڭ ئىدىيىلىرى بەگلىكلەر ئارا، دىپلوماتىك يارىششىنىڭ نېگىزىگە ئايلاندۇرۇلغاندىن تاشقىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شۇ دەۋر تارىخى فاڭ لىياۋ خېنىمنىڭ پىكرى ـ ئىدىيىسى بويىچە تەرەققىي قىلغان، دېگەن پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلگەن. «تارىخ ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى تەبىئەتتىن ھالقىغان بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنى توغرىلايدۇ» دېگەندەك فاڭ لىياۋ خېنىمنى تەبىئەتتىن ھالقىغان بىر كۈچنىڭ ئورنىغا قويۇپ، بۇ چەرقى پەلەك پەقەت فاڭ لىياۋ خېنىمنىڭلا مەنىۋى ۋە رېئال كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتكە كېلىدۇ، دېمەكچى بولىدۇ. بۇ خىل قاراشلار ھېلۋېتىسنىڭ تارىخ قارىشى بىلەنمۇ بىردەكلىككە ئىگە، ھېلۋېتىس «يەككە ـ يېگانە شەخسنىڭ بىئولوگىيىلىك ـ فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگەرمەس تەبىئىتى» ئۇچ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ نېگىزىدۇر دېگىنىدەك، فاڭ لىياۋ خېنىمنىڭ بىئولوگىيىلىك ـ فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگەرمەس تەبىئىتىگە ۋارىسلىق قىلغان سۇبخەي ۋە لىيۇنۇڭ ئەپەندىلەر ئوبيېكتىپ تارىخنى ئەنە شۇنداق يازماقچى بولىدۇ ۋە تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ئەنە شۇنداق ئۆزگەرمەس تەبىئىتى بويىچە

ئېكرانغا ئېلىپ چىقىدۇ. ھېلىۋىتىس «مەنپەئەت، خۇسۇسىلىق، شەھۋانىلىق، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سىرلىق سەۋەب» دەپ قارىغاندەك، ليۇنۇۋڭ ۋە سۇبىخەي ئەپەندىلەرمۇ «ئۈيسۈن» بەگلىكى ۋە قۇرىغار رايونىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى فىڭ لياۋ ۋە جەنيۇ خېنىملارنىڭ ئەرلەرنى بىھۇش ھالەتتە بويسۇندۇرغۇچى سىرلىق جىنسىي تەلەپلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بىر ئائىلىنىڭ ئەرگە تېگىشى ياكى ياتلىق بولۇشىنى بىر تارىخنىڭ يارىلىشى، تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس قىلىنىۋالىدۇ. قىسقىسى، تارىخنى «مەنپەئەتپەرەسلىك» نىڭ دەسمايىسىغا ئايلاندۇرۇپ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى، تارىختىن ساقىت قىلىشتىن ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىدىن ساقىت قىلىپ، ھازىرقى زامانىنىڭ شەخسىيەتچىلىككە تويۇنغان مۇددىئا ـ مەقسەتلىرىنى تارىخقا تاڭغانىنىڭ سىرتىدا، تارىخىي ۋەقەلەرنىمۇ، شۇ مۇددىئا ـ مەقسەتلىرى بويىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. تارىخنى تارىخنىڭ ئوبيېكتىپلىقى بويىچە تونۇش سوبيېكتىپ خىيال بويىچە تونۇماسلىقنى چۈشەنمەيدۇ، «توغرا ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنىدىغانلىقىنى، ئۆز بېشىچە، قارىغۇلارچە ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.»

بىز، ليۇنۇۋڭ ۋە سۇبىخەيلەرنىڭ «تەجرىبىچىلىك»نى قىبىلەنامە قىلغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىمىز. تەجرىبىچىلىك قارىماققا رېئالىزمچىلىق بولۇپ كۆرۈنىسىمۇ، بارلىق شەيئى

هادىسلەرنىڭ رېئال كۆرۈنۈش ۋە تارىخىي كۆرۈنۈشىنى، زىددىيەتلىك ھەرىكەتلىرىنى ھە دېگەندە سەۋەب ـ نەتىجە ئەندىزىسىگە سىڭدۈرۈۋالغىلى بولمايتتى. ئەمما تەجرىبىچى ئاپتورلار، سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئەگىۋەتتەر بىلىپ، بەزىدە سەۋەبنى نەتىجەنىڭ ئورنىغا، يەنە بەزىدە نەتىجەنى سەۋەبنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ يەردە، تارىختا فىلىڭ لياۋ خېنىم بىر خىل ئەمەلىي ھەرىكەتچان گەۋدە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ بىر خىل تاسادىپىيلىقنىڭ ئوبرازلىق گەۋدىسى سۈپىتىدە، فىلىمدە سەۋەبنىڭ ئورنىغا قويۇلغان. سەۋەب بولۇپ تۇرغان فىلىڭ لياۋ خېنىم ھەرىكەت ۋە پائالىيەت قىلغاندا، ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى يەنە بىر گەۋدىمۇ، يەنى ئىككىنچى ئەمەلىي گەۋدىمۇ بولۇشى شەرت، بۇ گەۋدە ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى گەۋدە، دەپ قارالغاندا، بۇ ئەسنادا بەلكى بۇ گەۋدە پاسسىپ گەۋدە دەپمۇ قارىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدۇر. دېمەك، بۇ يەردە پائالىيەتچان گەۋدە سەۋەب ـ پائالىيەتنى قوبۇل قىلغۇچى گەۋدە بولسا نەتىجە، دەپ قارىلىدۇ. ليۇنۇڭ، سۇبىخەي ئەپەندىلەر تارىخنىڭ ئوبيېكتىپلىقى بىلەن، تارىخنىڭ ئىشتىراكچىسى سوبيېكتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، فىلىڭ لياۋ خېنىمنى سەۋەبنىڭ ئورنىدا ھەرىكەتچان ئەمەلىي گەۋدە ياكى ئىككىنچى گەۋدىگە تەسىر كۆرسەتكۈچى گەۋدە دەپ قارىغان. «ئۆيسۈن» ۋە كۈنبەگلەرنى پائالىيەتچان

گەۋدىنىڭ ھەرىكىتىنى قوبۇل قىلغۇچى ئورنىدا قويۇپ نەتىجە دەپ مۇقىملاشتۇرغان. ئۇلار تەجرىبىنى ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىنسانىيەت تەسىراتلىرى، ئىنسانىيەت سەزگۈلىرىنىڭ يىغىندىسى، دەپ قارىغاچقا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە «ئاڭ ـ سەزگۈ» بولمايدىكەن، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇلار پىكىر لىياۋ خېنىم غەربىي يۇرتقا كېلىپ بۇغداي تېرىشنى ئۆگەتمىگەن بولسا، ئۇيسۇنلار ياشىيالمايتتى، دېگەندەك سوبيېكتىپ قاراش بويىچە ئۆزلىرىنى بەلگىلىگۈچى، تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى سوبيېكتىپ ياراتقۇچى، خىيالى ئىدىيەلەرنى رېئال ئوبيېكتىپقا ئايلاندۇرغۇچى سۈپىتىدە ئىلاھلاشتۇرۇپ، پىكىر لىياۋ خېنىمنىمۇ ئىلاھى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئوبراز ئورنىدا باشقىلارغا تېڭىپ، ئەقلىنىڭ ئوبرازىغا ئايلاندۇرماقچى بولىدۇ. ئەينى چاغدا لېنىن «ماتېرىيالىزم ۋە ئىمپېرىئوكرىتىتسىزم» دېگەن ئەسىرىدە تەجرىبە بىر مەنبەچىلىكنى تەنقىدلەپ، «تەجرىبە بىر مەنبەچىلىكنىڭ ئاشۇنداق خۇدا ئىزدىگۈچىلىك ۋە خۇدا ياسىغۇچىلىق قىلمىشلىرىنى، مۇناسىۋەتلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان ئىدى».

لىيۇنۇڭ ۋە سۈبخەي ئەپەندىلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن بىزگە شۇ نەرسە مەلۇمكى، پىكىر لىياۋ خېنىم «ئۇيسۇن»غا كەلگەنلىكى ئۈچۈن «ئۇيسۇن»نىڭ پىكىر لىياۋ خېنىمنى قوبۇل قىلىشىدىن قارىغاندا، قوبۇل قىلىش ئۇيسۇنلارنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر

قىسمى دەپ قارالمايدىكەن، فىلىڭ خانىمنىڭ غەربكە كېلىشى، نەتىجەدە ئىپادە تاپمىغان بولاتتى. دېمەك، بۇ يەردە فىلىڭ لياۋ خېنىمغا ئوخشاشلا، ئۇيسۇن بەگلىكمۇ سەۋەبنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ. ئۇيسۇندا ھاسىل بولغان نەتىجە فىلىڭ لياۋ خېنىمنىڭ سۈپىتى بولغاندەك، فىلىڭ لياۋ خېنىمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نەتىجەنىڭ ئۇيسۇندا ئىپادە تېپىشى ئوخشاشلا ئۇيسۇن دۆلىتىنىڭ دۆلەتلىك خاراكتېرىگە باغلىقتۇر. بۇ مۇناسىۋەتتىن قارىغاندا، سۇبىخەي ليۇنىۋلىڭ ئەپەندىلەر بىھۇدە ئاۋارە بولىدۇ. يەنى سەۋەب بولۇشقا تېگىشلىك ئىككى خىل ئەمەلىي گەۋدىنىڭ بىرىنى قەستەن نەتىجە ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، تارىخنى سوبيېكتىپنىڭ مەيلى بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان پەلسەپەۋى قاراشنى تارىخىي قاراشقا ۋە تارىخنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مىتودىغا ئاساس قىلىۋېلىپ، تارىخلىق بىلەن مەنتىقىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى پۇچەكلەشتۈرىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ مىتودى ۋە تارىخ قارىشى تولۇق مەنىدىكى مېتافىزىكىدۇر.

يېقىندىن بېرى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا، بەزىلەر پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق، ئىسلاھات، ئېشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسەتلىرىگە قارشى مۇقام تۈزۈپ، «شىنجاڭ ياالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئەمەس» (خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» 1986 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى) سەرلەۋھىلىك ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، ھەتتا كوممۇنىستىك پارتىيە تۈزۈپ

بەرگەن ئاساسىي قانۇنىمۇ كۆزگە ئىلمىدى. بىز «شىنجاڭ» رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ خەنزۇ مىللىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىشىمىزنى ياقىمىزغا چۆكۈرۈۋالدۇق. بۇ كىشىلەر قەلىمىنى توختاتمىدى، نىيەت ۋە ئىستەكلىرىدىن يانمىدى، ئۇلار ئىشلەپ چىققان «فىلاڭ خانىم» خۇددى «سەۋزىدىن خەۋەر يوق گۆرۈچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش ئىدى . تارىختا ئۇيغۇر ـ قازاق خەلقلىرى مەدەنىيەت ئېتىنىك كېلىپچىقىش، تىل تەۋەلىكى جەھەتلەردە بىرلا مەنبەنى ئاساس قىلغان تۈركىي خەلقلەردۇر. بۇ خەلقلەرنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت سېلىش تارىختا ھېچقانداق كىشىنىڭ قولىدىن كەلمىگەن، بۇندىن كېيىنمۇ ھېچقانداق كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ماركس ئەينى چاغدا فېيرباخنىڭ تارىخ پەلسەپىسىنى تەنقىدلىگەندە، «فېيرباخ بىر ماتېرىيالىزمچى ۋاقتىدا، تارىخ ئۇنىڭ نەزەرىنىڭ سىرتىدا ئىدى؛ تارىخنى تەتقىق قىلىشقا ئۆتكەندە بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ ماتېرىيالىزمچى ئەمەس ئىدى» دېگەندەك، ليۇنۇڭ سۈبخەي ئەپەندىلەرمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخنى تەتقىق قىلماستىن بۇرۇن ماتېرىيالىزمچى ئىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخنى تەتقىق قىلىشقا ئۆتكەندە بولسا، ماتېرىيالىزمچى بولالمىدى. دېمەك، «تارىخ، ھەرگىزمۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ قورالى، دەپ پايدىلىنىدىغان مەلۇم ئالاھىدە سالاھىيەت ئەمەس. تارىخ ـ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە ئىزلىنىۋاتقان ئادەمنىڭ پائالىيىتى

خالاس.» شۇنىڭدىن قارىغاندا «شىنجاڭ» رايونىدىكى ئۇيغۇر ـ قازاق خەلقلىرىمۇ خۇددى ليۇنۇڭ ۋە سۇبىخەي ئەپەندىلەرگە ئوخشاش ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشەلمىگەن دېسەك ئەنە شۇنداقتۇر. 

# نەپسڭنى يىغىۋال! ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوبىڭ

مۇھاكىمە ۋە باھا

مەن بۇ ماقالەمنى «جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا پۇقرالارغا بېرىلگەن هوقۇق ۋە «جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا پۇقرالارغا بېرىلگەن هوقۇق ئاساسىدا باشلايمەن.

«ئاساسىي قانۇن»نىڭ 35 ـ ماددىسىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى سۆز، مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، نامايىش قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن . «جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 38 ـ ماددىسىدا: «... مىللىي ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈلگەن جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي تىلدىكى كىتابلارنى توپلاپ، رەتلەپ ۋە تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلىدۇ. مىللىي ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ۋە باشقا ئەھمىيەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئارىلىقتا، ئېنىقراق ئېيتقاندا تېخى ئۇزۇن بولمىدى، «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»نىڭ ۋاڭ لوبىڭ ئىسىملىك خەلق ناخشىچىسىنى تونۇشتۇرغان خەۋىرىنى كۆرگەنىدىم. خاتالاشمىسام، ۋاڭ لوبىڭنىڭ «دوست خېنىم» دېگەن ئاتۇش خەلق ناخشىسىنى «ئىجاد قىلدىم» دېگەنلىكى تونۇشتۇرۇلغاندا،

ۋاڭ لوبىڭنى زىيارەت قىلغۇچى مۇخبىر ئىلىشىپ قالغانمۇ نېمە، دەپ ئويلىغانىدىم. يېقىندا ۋاڭ لوبىڭنىڭ «ئىجادىيىتى» توغرىسىدىكى ماتېرىياللارغا ئېرىشىپ قالدىم. بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ۋاڭ لوبىڭنىڭ نەپسى بەك يوغىناپ كەتكەندەك تۇردۇ. ئۇ قانۇننى دەپسەندە قىلىدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. ئۇنىڭ نەپسى كائىناتنىڭ بايلىقىنى تاشلاپ بەرسىمۇ تويمايدىغان، قارنى تويسىمۇ كۆزى تويمايدىغان خوجا ئەمىرنىڭ داخور كولۋاسىدەك يوغىناپ كەتتى. نەپسى داخور كولۋادىنمۇ چوڭىيىپ كەتكەن ۋاڭ لوبىڭنىڭ نەپسىنى تويغۇزغىلى بولمايتتى. شۇڭا بىز بۇ يەردە يۇقىرىقى ئىككى قانۇندا پۇقرالارغا بېرىلگەن ھوقۇق بويىچە ئەمدى پەيت كەلدى، نەپسىڭنى يىغىۋال! دەپ سىگنال بەرمىسەك بولمايدۇ.

ۋاڭ لوبىڭ كىم؟ ۋاڭ لوبىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئوخشايدىغان، ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئادەمگە ئوخشىمايدىغان بىر شەخس، ئاڭلىشىمىزچە ياكى قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ كىشى ناخشا ـ مۇزىكا كۆچۈرمىچىلىكى ۋە مەدەنىيەت مىۋىلىرىنى ئوغرىلاش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇنىڭ «جۇڭگو يازغۇچىلىرى نەشرىيات شىركىتى» دە، «ۋاڭ لوبىڭ ئۆزى تاللىغان ئەسەرلەر توپلىمى» نەشر قىلىنىپتۇ. بۇ ئەسەر نەشردىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ۋاڭ لوبىڭنى «كۆچۈرمىچى»، «مەدەنىيەت

ئوغرىسى» دەيدىغان ماقالىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپتۇ.

(1994 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى «ۋۇخەن كەچلىك گېزىتى») دە پروفېسسور مېڭ ۋېنتاۋنىڭ «غەربىي شىمال خەلق ناخشىلىرى ئاتىسىنىڭ ئورنىنى توغرا بېكىتەيلى!» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى بېسىلدى. ماقالىدە: «غەربىي شىمال خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاتىسى دېگەن نامغا ئېرىشكەن ۋاڭ لوبىڭ ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ بىر يۈلتۈز بولۇپ قالدى» دەپ تەنە قىلىنغان. (1994 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «مەجمۇئە گېزىتى»)دە، شاڭخەي مۇزىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى چېن گاڭنىڭ «ۋاڭ لوبىڭ توغرىسىدىكى شەك ـ شۈبھىلەر» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ماقالىدە: «ۋاڭ لوبىڭنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى خەلق ناخشىلىرىمۇ ياكى بۇ كىشىنىڭ ئىجادىيىتىمۇ؟» ، «بىزدە گۇمان پەيدا بولدى، بۇ گۇماننى تېزرەك يېشەيلى» دەپ چاقىرىق قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىنلا («خەلق مۇزىكىسى» ژۇرنىلىنىڭ 6 ـ سانىدا) ئۈچ پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇنىڭغا شاڭخەي مۇزىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى دەي فېڭخەينىڭ «تارىخ رەھىمسىز»، «ۋاڭ لوبىڭ قىزغىنلىقىدىن قۇملۇق مەدەنىيىتىگە نەزەر»، «خەلق ناخشىلىرىنى سېتىشقا بولامدۇ؟ سەرلەۋھىلىك ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن. ماقالىدە: «ئىجاد قىلىنغان ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن خەلق ناخشىلىرىنى نوتىغا

ئــــىلىش ماھىيەتلىـــــك پەرقلىنىـــــدىغان ئىككـــــى ئۇقــــۇم، ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەندىن باشقا، ۋالڭ لوبىڭنىــڭ تەيۋەنلىــك يەن شــىشى خېنىم بىــلەن «ئــاپتورلۇق ھوقۇقى»نى ئۆتۈنۈپ بېرىش توغرىسىدا تـۈزگەن توختـامىنى پـاش قىلغان. بۇ توختام بويىچە «غەربىي شىمال خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاتىسى» ۋالڭ لوبىڭ 20 مىــڭ يـۈەن خەلـق پـۇلى، 50 مىــڭ يـۈەن تەيۋەن پۇلىغا ئېرىشكەن. ھەممىدىن قىزىقى شۇ يەردىكى، بۇ يىلنىڭ بېشىدا تەيۋەنلىك لۇ دايۇ «مۇھەببەت ناخشىلىرى خاتىرە كۈنى»نى ئۆتتۈرىغا چىقارغاندا، ۋالڭ لوبىڭ «ئـاپتورلۇق ھوقـۇقى» توغرىــسىدا لــۇ دايۈنىــڭ ئۈســتىدىن ســوتقا ئەرز بەرگەن. لـۇ دايـۇ شاڭخەيدە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكـۈزۈپ، «ئىلىـم ساھەســــى، مۇزىكـــا ـ مەدەنىــــيەت ساھەســــى ۋە قـــانۇن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەسلى مىللىي مىراسقا مەنسۇپ بولغان «شــىنجاڭ» خەلـق ناخـشىلىرىنىڭ (نەشـىر ھوقـۇقى)نىـڭ زادى كىمــــگە مەنــــسۇپلۇقىنى ئېــــنىقلاپ بېرىــــشىنى ئۈمىــــد قىلىدىغانلىقى»نى بىلدۈرگەن.

«جىنلىڭ كەچلىك گېزىتى»نىڭ (7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كـۈنى) خەۋەر قىلىــشىغا قارىغانــدا، بــۇ گېزىتنىــڭ بىــر مــۇخبىرى جۇڭگونىــڭ «ئــاپتورلۇق ھوقــۇقى»، «نەشــىر ھوقــۇقى»نىــڭ نوپۇزلـۇق ئـورگىنى «دۆلەتلىــك نەشــىر ھوقــۇقى» ئىدارىــسى ۋە «جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى»نى زىيارەت قىلغــانىكەن. «دۆلەتلىــك نەشــىر ھوقــۇقى» ئىدارىــسىنىڭ

قارىشىچە، «بۇ غەربىي شىمال خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ»مىش، «بۇ خەلق ناخشىلىرىنىڭ بەزىسىنى ۋاڭ لوبىڭ يىغىپ رەتلىگەن»مىش، «بەزىلىرىنى خەلق ناخشىلىرىغا ئاساسەن ئۆزگەرتكەن»مىش، «قايسىلىرىنى رەتلىگەن ۋە قايسىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن، بۇنى ئېنىقلاپ بېكىتىش كېرەك»مىش، «مەيلى يىغىپ رەتلىگەن ياكى ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن ئەسەرلەر بولسۇن، بۇنىڭدا ۋاڭ لوبىڭنىڭ ئاپتورلۇق هوقۇقى» بولارمىش. قالتىس ئىش ئىكەن، دۇنيادا قانۇن تۈزۈپ ۋە يەنە بۇ قانۇننى ئوقۇپ كۆرمەيدىغان ئىشلارمۇ بولىدىكەن. لېكىن بۇنداق كۆز قاراشلارغا «مۇزىكا تۇرمۇشى گېزىتى» 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى «ۋاڭ لوبىڭنىڭ ئاپتورلۇق هوقۇقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ دېگەنلىك، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ رەددىيە بەرگەن. ماقالىدە: «ـ دۆلەتلىك نەشىر هوقۇقى» ئورگىنىنىڭ، «ۋاڭ لوبىڭنىڭ ئاپتورلۇق هوقۇقى» مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ، دەپ قارىغانلىقى «تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ بۇ كۆز قارىشى توغرا.

يەنە قىزىقى شۇ يەردىكى («مۇزىكا تۇرمۇشى گېزىتى»نىڭ 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى) سانىدا شۇ گېزىتنىڭ مۇخبىرى خۇ يۈنىڭ «پېشقەدەم لوبىڭ هۇجۇمغا ئۆتتى...» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ماقالىدە :«ئامېرىكىغا زىيارەتكە بارغان ۋاڭ لوبىڭ 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئامېرىكىدىن تەيۋەنگە

ئۇچۇپ كېلىپ ئەتىسى «تەيۋەندىكى ئاپتورلار جەمئىيىتى»نىڭ دائىمىي ھەيئەت باشلىقى جۇ خۇييىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن. يىغىندا ئۇنىڭ مەمەدانلىق بىلەن سۆزلىگەن سۆزلىرى لۇدايۇ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «خەلق ناخشىلىرىنىڭ نەشىر ھوقۇقى» كىمگە مەنسۇپ دېگەن مەسىلىگە چېتىلغان.

ۋاڭ لوبىڭ زادى كىم؟ «ئاشۇ يىراق جايدا»، «دودارىي» قاتارلىق قازاق خەلق ناخشىلىرىنى «داۋانچىڭ»، «ياشلىق ئۇسسۇلى»، «رومىلىڭنى ئېلىۋەت»، «ھىلال ئاي تۇغقاندا»، «خەلچىخان»، «ئاي تۆگسە كۆڭنى ئېيتىمەن»، «جىگدىلەر پۇرايدۇ»، «بۇلبۇلۇڭ بولاي دەيمەن» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى «ئىجاد قىلدىم» دەپ دەۋاغا قويغان كىشىدۇر. ئۇ «ئىجاد» قىلغان ناخشىلارنى ئاڭلىغان كىشىلەر ۋاڭ لوبىڭ قانچە ياشقا كىرگەندۇ؟ ئۆزى قەيەردىن كەلگەن؟ ئۇيغۇر ـ قازاق خەلقلىرى نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ئېيتىپ كېلىۋاتقان بۇ ناخشىلارنى راستىنلا ۋاڭ لوبىڭ «ئىجاد» قىلىپ يۈرگەن بولسا، تارىخنىڭ بۇلارنى ئەمەس يەنىلا بۇ كىشىلەرنىڭ تارىخنى مەسخىرە قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، بىرمىللەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنى ئويلىماي تۇرالمايدۇ.

خەلق ناخشىلىرىنىڭ «ئاپتورلۇق ھوقۇقى» ئوتتۇرىغا چىققاندا ۋاڭ لوبىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ قانداق ياشىغانلىقىنى ۋە

قانــداق «ئىجــاد» قىلىغــانلىقىنى ئىــسپاتلايدىغان يالغــان پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىشقا ئۆلگۈرگەن. ۋاڭ لوبىڭ 1980 ـ يىلى مەخسۇس ماقالە يېزىپ «ئاشۇ يىراق جايدا»نى رەتلەپ ئۆزگەرتكەن قازاق خەلق ناخشىسى دەپ تىلغا ئالغان . 1993 ـ يىلى نەشىر قىلدۇرغان «باھار زەۋقى» دېگەن ئەسەرنى ئۆزۈم «ئىجاد» قىلدىم دېگەندىن باشقا، بۇ كىتابنىڭ 4 ـ بېتىدە «بۇ ناخشىنى بۇندىن 50 يىل بۇرۇن چىڭخەيدە يازغانىدىم؛ ئۇ چاغدا مەن 26 ياشقا كىرگەنىدىم؛ چىڭخەيدە جۇما ئىسىملىك بىر قازاق قىزنى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئېيتىشىشتا قوشاق ئېيتىشقان، قىزقۇۋاردا بىللە ئات چاپقان، ئىككىمىز بىر ئاتقا مىنىپ بىللە كىنو كۆرگەن، مەن بۇ ناخشىنى تۆگىنىڭ لوكىسىدا ئولتۇرۇپ يازغانىدىم» دېگەن پاكىتنى ئويدۇرۇپ چىققان. راست، شۇ يىللاردا ۋاڭ لوبىڭ چىڭخەيدە ئىدى؛ باندىت مابۇفاڭنىڭ تەرىپىگە سۇ بېرىپ، ئەۋرەزدىن ئاققان يۇندىسىنى تۆكۈپ يۈرگەنىدى. ئازادلىق ھارپىسىدا تەسلىم بولۇپ ئازادلىق ئارمىيىگە قاتناشقان كىشى ئىدى.

كۆچۈرمىچى ۋاڭ لوبىڭ ئۇيغۇر ـ قازاق خەلق ناخشىلىرىنى رەتلەش، ئۆزگەرتىش، تەقلىد قىلىش ھوقۇقىنى كىمدىن ئاپتۇ؟ ياكى كىم بۇ كىشىگە ھاۋالە قىپتۇ؟ ۋاڭ لوبىڭ يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلغاندا جاپاكەش، ساددا، ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر ـ قازاق خەلقىنىڭ رازىلىقىنى ئالغانمۇ؟ ئېھتىمال ۋاڭ لوبىڭ بۇ ناخشىلارنىڭ «ئاتا ـ ئانىسى يوق» يېتىم قالغان ناخشىلار،

دەرھال مەن «ئاتا» بولۇۋالاي دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن؛ ياكى «ھازىرقى كۈندە ئۇيغۇر ـ قازاق خەلقلىرىنىڭ ناخشا ئېيتىشقا ۋاقتى يېتەمتى»، شۇڭا ئوغرىلىسامۇ، چەت ئەلگە سېتىپ پۇل تاپسامۇ، گەپ قىلالمايدۇ دەپ ئويلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ۋاڭ لوبىڭنىڭ «قاپتەك» يۈرىكى بار ئىكەن. ئۇ قانۇندىن قورقمايدىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قىلغانلىرى تارىختا ئىگىسى بار، لېكىن ھوقۇقى يوق يۇرتلار (تارىم ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى)غا كېلىپ ئاسارە ـ ئەتىقىلىرىمىزنى، مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ئوغرىلىغان ئەنگلىيىلىك رودولف ھورنىلى ۋە شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئاق ئېيىقى روسىيىلىك دېمىترى كىرەيمىسلەردىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. ئۇلارمۇ بۇ دەرىجەدە جۈرئەت قىلالمىغانىدى. ئوغرىلار تارىختا ئوغرىلاپ ساتالمىغان نەرسىلەرنى يەنە باشقا ئوغرىلارنىڭ بوگۇنكى «شىنجاڭ»دا ئوغرىلاپ سېتىۋېتىشى كىشىنى تەئەججۈپكە سالماي قالارمۇ؟

ۋاڭ لوبىڭنىڭ ئۇيغۇر ـ قازاق خەلق ناخشىلىرىنى «ئىجاد» قىلدىم دەپ دەۋا قىلغىنى نېمىسى؟ بۇ ناخشىلار بىرقانچە مىڭ يىللىق تارىخنى بويلاپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ناخشىلاردۇر. ۋاڭ لوبىڭ شۇ دەۋرلەردە ياشىغانمىكىن ياكى ۋاڭ لوبىڭنىڭ «سالاھىيەتلىك ئۇستاز» بولغۇچى ئەجدادى ئۇيغۇر ـ قازاق خەلقلىرىگە ئۆگىتىپ قويغانمىكەن؟

ناخشا، خەلق ناخشىلىرى ئۇيغۇر ـ قازاق خەلقىنىڭ يۈرەك رېتىمى ۋە ساداسى، ئازابلىق ئۆتمۈش ۋە رېئاللىقىنىڭ تۇيغۇسى ۋە

ئاشۇ دەقىقە ۋە ئاشۇ دەملەرنىڭ ئاچچىق نىداسى، ئۇيغۇر ـ قازاق مەدەنىيەت تارىخىدىكى جەۋھەرلەرنىڭ جەۋھىرى، ئۇيغۇر ـ قازاق روھىنىڭ ئۆچمەس نۇرى.

مۇزىكىنى كۆچۈرۈۋېلىش، ئۆزگەرتىش، «ئىجاد» كارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. بۇ بىر مىللەتكە ۋە شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا، مىللىي غۇرۇرىغا قىلىنغان ھاقارەتتۇر. ھەرقانداق مىللەت خەلق ناخشىلىرىنىڭ، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت، دىن، پسىخىك روھىي ھالەتلىرىنىڭ تامغىسى بېسىلغان قۇرۇلمىسى بولىدۇ. بۇ قۇرۇلمىنى ۋاڭ لوبىڭ قانداق ئۆزگەرتكەندۇ؟ ئىنتايىن غەلىتە ئاھاڭلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مىللىي غۇرۇرىمىزنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ ناخشىلىرىمىزنى قايسى ھالاكەتكە چۈشۈرۈپ قويغاندۇ؟ ۋاڭ لوبىڭغا كىم يول كۆرسەتكەن ۋە يەنە كىملەر يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن؟

تەيۋەنلىك يازغۇچى سەنماۋ (ئۈچ تال تۈك) دېگەن مەنىدە ۋاڭ لوبىڭنىڭ «ۋاڭ لوبىڭ ئۆزى تاللىغان ئەسەرلەر توپلىمى» دېگەن ئەسىرىگە يازغان كىرىش سۆزىدە «غەربىي شىمال خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاتىسى» دېگەن بېغىشلىمىنى يېزىپ بەرگەن. پەقەت مۇشۇنىڭ ئۆزىلا مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟ دېمەك «غەربىي شىمال خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاتىسى» دېگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ۋاڭ لوبىڭ ھازىرغىچە مىڭدىن ئارتۇق خەلق ناخشىلىرىنى ئىجاد قىلىپتۇ، نوتىلاشتۇرۇپتۇ. «شىنجاڭ»دا ئىشلىگىنىگە يېرىم ئەسىر بولغان

بۇ «مىللىي مۇزىكانت» ھازىرغىچە بىر جۇملە ئۇيغۇر تىلى ياكى قازاق تىلىنى سۆزلىيەلەمدۇ؟ سۆزلىيەلمىسە قايسى ساۋاتسىز، ۋالىڭ لوبىڭغا بىزنىڭ ناخشا ـ تېكىستلىرىمىزنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەن؟

جۇڭگو 1980 ـ يىلى خەلقئارا «بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى» تەشكىلاتىغا رەسمىي ئەزا بولدى ھەم 1991 ـ يىلى «ئاپتورلۇق ھوقۇقى» قانۇنىنىڭ رەسمىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى.

ئەمدى بىز خەلقئارا «نەشىر ھوقۇقى» قانۇنىنى كۆرۈپ باقايلى: «نەشىر ھوقۇقى» دېگەن بۇ سۆز پەقەت ئاپتورنىڭ شەخسەن ئۆزى قوللانغان ياكى ئاپتور ھوقۇق بەرگەن باشقا كىشىلەر قوللانغان ئاساسلىق ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ»[1]. شۇنداقلا «بىلىم مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىجادكارلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نەشىر ھوقۇقى ئۇلارنىڭ نېگىزلىك ھوقۇقى، شۇنداقلا مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن كىرىمىدىن پايدا ئېلىش ھوقۇقى» دېگەنلىكتۇر. دېمەك، «نەشىر ھوقۇقى»نى قوغداش ھەمىشە شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، ئاپتور ياكى «نەشىر ھوقۇقى»غا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ ئىجازىتىدىن سىرت ئەسەر

---

[1] «ئەقلى مۈلۈك ھوقۇقى توغرىسىدا ئەركىن سۆھبەت» خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

ئىشلىتىش ياكى بۇ ئىشلىتىش بىلەن ئالاقىدار بولغان ھەرقانداق ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز بولىدۇ. بۇ ئىشلىتىشلەر، ئالايلۇق: ھەرقانداق ئەسەرنى ھەرقانداق شەكىلدە كۆپەيتىش، بەزى ئەسەرلەر، ئالايلۇق: مۇزىكا، تىياتىر ياكى كىنو ئەسەرلىرىنىڭ ئاشكارا قويۇلۇشى ئەسەرلەرنى رادىئو ــ تېلېۋىزىيە ۋە باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئاڭلىتىش ھەمدە ئەسەرلەرنى باشقا شەكىلگە كىرگۈزۈپ ئۆزگەرتىش؛ بۇ ئۆزگەرتىش، بۇ ئىشلىتىشلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىنئالا ھوقۇق ئېلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك. ھوقۇق ئالماي تۇرۇپ بۇ تىپتىكى ئەسەرلەرنى ئىشلىتىش ھەرىكەتلىرى «نەشىر ھوقۇقى»غا دەخلى ــ تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ «ئاپتورلۇق ھوقۇقى» قانۇنىدىمۇ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغانىدى. بۇ، قانۇننىڭ 12 ــ ماددىسىدا: «ئۆزگەرتىلگەن، تەرجىمە قىلىنغان، شەرھلەنگەن، رەتلەنگەندىن كېيىنكى ئەسلى ئەسەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىدىن، ئۆزگەرتكەن، تەرجىمە قىلغان شەرھلەنگەن، رەتلىگەن كىشى بەھرىمەن بولىدۇ؛ لېكىن «ئاپتورلۇق ھوقۇقى»نى يۈرگۈزگەندە ئەسلى ئەسەرگە قارىتىلغان «ئاپتورلۇق ھوقۇقى»غا دەخلى ــ تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەندىن باشقا، شۇ قانۇننىڭ 6 ــ ماددىسىدا: «خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ‹ئاپتورلۇق

هوقۇقى›نى قوغداش چارىسى توغرىسىدا گوۋۇيۈەن باشقا بەلگىلىمە چىقىرىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەنىدى.

شۇنداق ئىكەن، «مىللىي مۇزىكانت» ۋالىق لوبىڭ جانابلىرى! ئۇيغۇر ـ قازاق خەلق ناخشىلىرىنى نوتىغا ئېلىش ياكى ئۆزگەرتىپ ئىشلەش ھەتتا چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ سېتىشنى نىيەت قىلغاندا ۋە بۇنداق نىيەتنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشتىن ئاۋۋال كىمنىڭ رۇخسىتىنى ئالغان ئىدىڭىز؟ سىزنىڭ نەشىر ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىڭىزغا ھوقۇق بەرگەن كىشى زادى كىم؟

بىرەر شېرىكى بولمىسا «غەربىي شىمال خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاتىسى» بولۇۋالغان ۋالىق لوبىڭ ئۇيغۇر ـ قازاق خەلق ناخشىلىرىنى يانچۇق ۋە سومكىلارغا قاچىلاپ ئامېرىكا، تەيۋەن قاتارلىق جايلاردا يورغىلاپ يۈرەلمىگەن بولار ئىدى.

«شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇر ـ قازاق خەلقلىرى كۈنلەرنى ناخشا ئارقىلىق خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈپ نېمىلا بولسا ناخشىمىز ئۆزىمىزگە ھېساب دەپ ھېس قىلىشقانىدى. ئەمدى بۇ ناخشىلارنىڭمۇ ئىگىسى چىقىپ تەيۋەنگە سېتىلدى. بۇنداق ھەرىكەت قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىنمىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا ئۇيغۇر ـ قازاق خەلقى بۇ خەلق ناخشىلىرىنى، ئىشىنىڭلاركى ئاجايىپ زامان ۋە ئاجايىپ ماكانىمىزدا مەڭگۈ تۆۋلاپ تۇرالايدۇ.